[illegible] گۇلىستانى

# ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى

(ئەدەبۇ سالىھىن)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسكلار گۈلستانى

# ياخشى كىشىلەر ھەدىيەلىرى

(ئەدەبىي سىسالىھەن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى» دېگەن كىتابتا تارىخشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1740 — 1849) نىڭ ھاياتى ۋە «ئەدەبۇسسالىھىن (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى)» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەن بىر قىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا[1]

مۇھەممەت تۇرسۇن يالغۇزەك

مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى، يازغۇچى، تارىخشۇناس، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرى ئىلمىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق ۋە غەربتە زور شۆھرەت قازىنىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پېتربۇرگدا، تاشكەنتتە، كالكوتتادا، تۈركىيىدە بىر قانچە قېتىم رۇس، ئۆزبېك، تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدىلا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەرەب ۋە ياۋروپا خەلقلىرى ئىچىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى 1740- يىلى

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىن ئېلىندى.

قەشقەر شەھەر ياۋاغ مەھەللىسىدە (بەزى مەنبەلەردە 1725 ـ يىلى قەشقەر توققۇزاق يېزىسىدا دېيىلىدۇ) موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئىگىلەپ، كېيىن قەشقەردىكى داڭلىق «مەدرىسە ھامىدىيە»دە ئىلاھىيەتشۇناسلىق، ھېساب، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات قاتارلىق دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق ئىگىلەيدۇ. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا شۇ زامانىنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، شەرقنىڭ داڭلىق ئەربابلىرىدىن بولغان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ھاپىز شىرازى، مىر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەكتەپ (مەدرىسە) ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىلىم مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنى، ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» گە

مۇدەررىس بولۇپ بەلگىلىنىپ، بىر مەزگىل ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىنىڭ مولluقى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئالىيجاناب ـ پەزىلەتلىكلىكى كېيىنچە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

شائىر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى خەلق ئىچىگە تارالغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمانبەگ «تەزكىرەئى ئەزىزان» («ئۇلۇغلار تەزكىرىسى») ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بىكەمۇ مولla مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. مولla مۇھەممەد سادىق قەشقىرى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ، ئەل ئىچىدە كاتتا شۆھرەتكە نائىل بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈنگەن ھاكىم مىرزا ئوسمانبەگ مولla مۇھەممەد سادىق قەشقىرىگە ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، مىرزىلىققا تەيىنلەيدۇ. شائىر بۇ پۇرسەتنى ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ غەنىيمەت

ۋاقتى دەپ قاراپ، ھىجرىيە 1207- (مىلادىيە 1792 – 1793) يىلى «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق مەزمۇنىدىكى ئىككى ئىلمىي كىتابىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئارىدا ئىككى - ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ (تولۇق ئىسمى يۇنۇس تاجى ھېكىمبەگ بىنىنى ئىسكەندەر) قەشقەر ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىدە قالدۇرىدۇ.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تالانتىدىن سىرت ئەرەب، پارس تىلى جەھەتتىكى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى ئۇستۇنلۇكىدىن سۆيۈنگەن ئىسكەندەر ۋاڭ «تارىخىي تەبەرى» ناملىق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 10 - ئەسىردە ئۆتكەن (839 – 923) ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇجەففار مۇھەممەد بىننى جۇۋەيرى بىننى زەيت تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى» ناملىق پارسچە ئەسىرىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. «تارىخىي تەبەرى» تەبەرىنىڭ 4 توملۇق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت

پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاپتور ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ئىسكەندەر ۋاڭ سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمان بۇ ئەسەرنى ئەنە شۇ ھۆكۈمراننىڭ نامى بىلەن ئاتاپ «تارىخي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» («ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجنامىسى») دەپ ئات قويىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ بۇنداق ئات قويۇشى «تارىخي تەبەرى» نى تەرجىمە قىلىشتا ئەسەر مەزمۇنىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقا ماسلاشتۇرغانلىقى ۋە ئەسلىدىكىسىگە نىسبەتەن ئىجادىي ھالدا بىر قەدەر تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مولла مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەرەب، پارس تىلى ئۇستىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مىرزاھەيدەر كوراگاننىڭ داڭلىق ئەسىرى «تارىخي رەشىدى» نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى،

كـەمدىن ـ كـەم تېپىـلىدىغان ئالىيجانـاپ پـەزىلەتلىنىڭ تەرىپلىرى تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدۇ. ئـەفرىدۇن ئاتىسى ئىسـكەندەر ۋاڭدىـن مۇھەمـمـەد سـادىق قەشـقىرىنى تۇرپـانغا ئـەۋەتىپ بېرىشـنى تەلـەپ قىلىـدۇ. ئىسكەندەر ۋاڭنىـڭ بۇ بۈيۈك ئـالىمدىن ئايرىلىشقا كـۆزى قىيمايتتى. لېكىن ئوغلى ئـەفرىدۇننىڭ تـەلىم ـ تەربىيىگە موھتـاجلىقىنى كـۆزدە تۇتـۇپ، ئوغلىنىـڭ تەلپىـنى ئورۇنداشـقا مـەجبۇر بولىـدۇ. مولـلا مۇھەممـەد سـادىق قەشـقىرى تۇرپـاندا ئـون يىـل ئەتراپىـدا تـۇرۇپ قـالىدۇ. بۇ جـەرياندا ئـۇ ئـەفرىدۇننىڭ يېـنىدا بىـر تەرەپـتىن مەسـلىھەتچىلىك ۋە ۋاڭ پـەرزەنتلىرىنى تەربىيىلـەش ئىشـلىرىغا مەسئۇل بولسـا، يەنـە بىـر تەرەپـتىن، ئىلمىي ئەسـەرلـەرنى يېزىشـنى دۋاملاشـتۇرۇپ، «تـەزكىرەئى ئەسهابى كـەھىف» (غـار كىشـىلىرى تەزكىرىسـى)، «مـەھزۇنۇل ئىسـلام» قاتـارلىق كىتـابلارنى يېـزىپ، ئـەفرىدۇن ۋاڭغـا تـەقدىم قىلىـدۇ. كېيىـن ۋاڭلارنىـڭ ئورنـى ئالماشـقاندا مۇھەمـمـەد سـادىق قەشـقىرى ئـەفرىدۇن ۋاڭغـا ئەگىشـىپ قەشقەرگـە قـايتىپ كـېلىپ، شـەرئى مەھكىمىسـىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ زات دىنىي ۋە پەننىي ئىلىمدە ۋايىغا يەتكـەن، تـەمكىن، ئورۇنلـۇق سـۆزلۈك، هـەر قـانداق بىـر ئىشـنى ئەسـتايىدىل ئويـلاپ توغـرا بىـر تـەرەپ

قىلىدىغان، قىلغان ئىشىدا ئادالەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان، قەشقەردىكى داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ مۇرەككەپ، چىگىش، سەللا دىققەت قىلىنمىسا خاتا ھۆكۈم چىقىرىلىپ قالىدىغان مۇشكۈل مەسىلىلەرمۇ موللا سادىق قەشقىرىنىڭ قولىدا ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەرنىڭ مەدەنىي ئاتموسفېراسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىم ساھەسىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەندىن باشقا، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن (غېرىبى)، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرى قاتارلىق يازغۇچى، ئالىملار بىلەن بىللە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشىدۇ.

ئاتاقلىق پېشقەدەم ئۆلىما موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، جامائەت ئىشلىرى، يېزا ئىگىلىك، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋامغا نۇرغۇن مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن قاتتىق رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا

بىرىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەرەب، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولغان «مۇكاشپۇل لۇغەت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك لۇغەتنى، «قىياپەتۇل بەشەر» (ھەر خىل قىياپەتلەر بەشىرىسى)، «رىسالەئى كەسىپدار» (كەسىپدارلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھىجرىيە 1266 - يىلى (مىلادىيە 1850 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەستى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسى (قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە) ئىچىدىكى (سېيىت جالالىددىن باغدادى) نىڭ گۈمبىزى جايلاشقان زەرەتكارلىققا دەپنە قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى بىزگە ئۆز دەۋرىنىڭ خىلمۇخىل تېمىسىغا بېغىشلانغان باي تارىخي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى خوجىگان»، «زۇبدەتىل ماسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھف»، «تارىخي ئىسكەندىرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى ۋە شاھلار تاجنامىسى)، «ئەدەبۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى)، «قىياپەتۇل بەشەر» (ھەر خىل قىياپەتلەر بەشىرىسى)،

www.uyghurkitap.com

«رىسالەئى كەسپدار» (كەسپدارلار رىسالىسى)، «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇپ» قاتارلىق 18 دىن ئارتۇق قىممەتلىك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇلاردىن «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھف»، «رۇبدەتىل ماسائىل»، «ئەدەبۇسسالىھىن» قاتارلىق تارىخىي، بەدىئىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى، غەزەللىرى، مەسنەۋىلىرى، رۇبائىيلىرى، ساقىينامىلىرى، «تارىخىي تەبەرى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

## «تەزكىرەئى ئەزىزان»

ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى 15 ـ ئەسىردە مەيدانغا كېلىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن. شۇنداقلا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» قاتارلىق ئەسەرلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف ۋە سوۋېت

ئالىملىرىدىن ل. ئى. رومان، م ئا. سالاھىدىنئۋا، م. قۇتلۇقوف، ئىنگلىز ئالىمى روبېرت شاۋ، گېرمان ئالىمى مارتىن ھارتمانلار «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلغان.

ل.م. موگىنوف «تەزكىرەئى ئەزىزان» ۋە «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ لېنىنگراد شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ھازىر ھەر قايسى دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن سەككىز خىل قولىيازمىسى بىزگە مەلۇم. شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىزگە مەلۇم بولغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ يەتتە خىل نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ ئەسىرى نەسرىي شەكلىدە «تەزكىرەئى جاھان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن ماۋزۇلاردا يېزىلغان بولۇپ، بۇنى ئاپتور 1817- يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» نامى بىلەن داستان شەكلىدە ئۆزگەرتىپ يازغان. بۇ 352 بەتلىك قولىيازمىنىڭ بەت سانى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن

www.uyghurkitap.com

پەرق قىلىدىغان ئالتە خىل نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» مەخسۇس خوجىلار تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخىنى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۇرگۇزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى، كېيىنچە داۋاملاشقان ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەللەرنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنى تارىخىي ئېتىبارى بىلەن خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇكېرىمخاندىن باشلاپ تاكى يىمىرىلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر ئەسىردىن

كۆپرەك داۋام قىلغان مەلۇم بىر دەۋرنىڭ تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تەزكىرىچىلىك ژانىرى شەرق ئەدەبىياتىدا 10 ـ ئەسىردە پەيدا بولغان. بۇ مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن تەزكىرىلەردە مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى، ئۇلار توغرىسىدىكى تارىخىي ۋە تەھلىل مەلۇماتلار بېرىلەتتى. مانا مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن توپلاملار «تەزكىرە» دەپ ئاتالدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر فىلولوگى ئەبۇ مەنسۇرسالىبى (961-1038) «بوتمان ئاددەرنى مەھسۇنى ئەھلال ئەسىر» (ئەسىر ئەھلىنىڭ فەززىللىرى ھەققىدە زامانىنىڭ دۇردانىسى) دېگەن تۆت توملۇق تەزكىرىنى يېزىپ، ماۋارا ئۇننەھر ۋە خوراساندىكى 124 شائىرنى تونۇشتۇرغان.

تەزكىرىچىلىك تارىخىدىن قارىغاندا، 15 ـ ئەسىردە شەرق تەزكىرىچىلىكىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ھېسابلانغان دۆلەت شاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرەتۇش ـ شۇئارا»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تەزكىرىلىرى، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق پروزىك ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. «باھارىستان» مەزمۇن جەھەتتىن تەزكىرىگە ئانچە

ئوخشىمىسىمۇ، بۇ ئەسەر ئاشۇ دەۋر تەزكىرىچىلىكىگە خاس ئەدەبىي ۋە تارىخىي مەلۇماتلار بەرگەن. VIII بابتىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنىڭ VII بابىدا، خۇددى تەزكىرىگە ئوخشاش مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بۇ توغرىلىق شەرقشۇناس يى. ئە. بېرتېلس «باھارىستان» نى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئەسەرنىڭ VII بابىدا ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر شائىرلار توغرۇلۇق مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكى ھەققىدە بايان قىلىدۇ.

دۆلەت شاھ سەمەرقەندىنىڭ شەرق تەزكىرىچىلىكىدە مۇھىم رول ئوينىغان «تەزكىرەتۇش - شۇئارا» تەزكىرىسىدە 10 — 11 -ئەسىردىكى ھىندىستان، خۇراسان، ئىران، ئەزەربەيجان، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 150 نەپەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىن مەلۇماتلار بېرىلگەن. تەزكىرىدە شەرقنىڭ مەشھۇر كلاسسىكلىرىدىن نىزامى، رۇداكى، فىردەۋسى، سەئىدى، ھاپىز شىرازى، خىسراۋ دېھلەۋى قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ ئەسەرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

15 - ئەسىر بۈيۈك مۇتەپەككۇرى نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ى بولسا تەزكىرە تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تۈركىي تىلدا يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، بۇ تەزكىرە تۈركىي تىلدا تەزكىرە يېزىشتا بەلگىلىك رول

ئوينىغان. بۇ تەزكىرىدە 450 تىن ئارتۇق شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن. بۇ تەزكىرىنىڭ تارىخىي پاكىتقا بايلىقى ۋە ئەدەبىي تەنقىدىي مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن نەۋائىي دەۋرىگىچە ياشىغان ئەدىبلەردىن مۇھەممەد ئەۋفىنىڭ «لۇبابۇل ـ ئەلباب»، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «باھارىستان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» بولسا ئەبۇ مەنسۇر سائالىبى، ئا. جامى، دۆلەت شاھ، نەۋائىي تەزكىرىلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى بولغان ئەبۇ مەنسۇر سائالىبى، جامى، دۆلەت شاھ سەمەرقەندى، ئەلىشىر نەۋائىي بىرىنچىدىن، ئۆز تەزكىرىلىرىدە، ئۆتمۈشتە ياشىغان ئەرەبىيلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلار شۇ دەۋردىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق تەنقىدىي تەھلىل، مۇلاھىزىلەرنى ناھايىتى ئاز بېرىدۇ. ئايرىم تارىخىي پاكىتلارنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن نەۋائىي بولسا بۇ شائىرلار ھەققىدە خېلى كەڭ تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا يۇقىرىقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بار.

بىرىنچىدىن، شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلەر — شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان فېئودال ھەربىي ئىستىبدات ھاكىمىيەت ۋە دىنىي، مىللىي ئېزىشكە قارشى خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغان خەلق كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئىككىنچىدىن، 18 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن، بولۇپمۇ خوجا جاھان ئەرشى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مەنزىرىسىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ تەزكىرىدە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدا نەۋائىي، جامى، سالىبىدەك تەپسىلىي توختالمايدۇ. مۇھەممەد سادىق قەشقىرى دەۋرىگىچە بولغان تەزكىرىچىلەر ۋە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىي مەنبەلەر سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن بولسا، مۇھەممەد سادىق قەشقىرى دەۋرىگە كەلگەندە تەزكىرە ژانىرى تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئۆز تەزكىرىسىگە يېڭىچە تۈس بەردى. مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۆز تەزكىرىسىنى يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىن يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. شائىر تەزكىرىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ تۈپ ئاساسىنى

خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى، خەلقچىللىق ۋە گۇمانىستىك ئىدىيىلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەزكىرىسىدە، خەلق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئىجابىي ۋە سەلبىي رېئال قەھرىمانلارنىڭ پروتوتىپلىرى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. شائىر ئۆزى تەسۋىرلىگەن تارىخىي شەخسلەر ئارقىلىق، مىڭلىغان ئوغلانلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، قەيسەرلىكى ۋە ئۆزىگە خاس ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە تىرىشقان. بۇ تەزكىرىدە، 17 — 18 - ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەردە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلق مەنپەئىتىنى سېتىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە تايىنىپ خەلق تەقدىرىنى ناھايىتى چوڭ تراگېدىيىگە دۇچ كەلتۈرگەن ئاپاق خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، خوجاسى بەگ، غازىبەگ، نىياز بەگ قاتارلىق خائىنلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس ھالدا تەسۋىرلىگەن. «تەزكىرەئى ئەزىزان» تارىخىي ۋەقەلەرنى چىنلىق بىلەن بايان قىلغانلىقى بىلەن تارىخىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما كىتابقا سىڭدۈرۈلگەن ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى، كۆز قارىشى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتتىكى مەلۇم ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن قارىغاندا، بىر بەدىئىي ئەسەر. شۇنداقلا پىروزىنىڭ نەمۇنىسى

ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، ئاپتور بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، مەلۇم شەخسلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن: «ئاپاق خوجام غەزەپلىك، ئاچچىقى يامان كىشى ئىدى. بىر كىشىگە ئاچچىقلاپ قاراپ قويسا، بۇ كارامەتلىك سوپىلار بىر ئاخشىمىدا بىرىپ، ئۇ كىشىنى دۇنيادىن ئۈزۈتۈپ قويۇپ كېلەتتى. سەردەفتەرى ئەۋلىيا ئۆمرىدە كىشىدىن ئىلىم ئۆگەنمىگەن ۋە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ئىدى... ھەزرىتى ئاپاق خوجام پەقەت خەلق ئارىسىدا تاماق يېمەيتتى، ئەرۋاھلار، ماشايىخلار سۈپرىسىدىن تاماق يەيمەن، دەيتتى. تولا چاغلاردا ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا بولاتتى. ھۇجرا ئىشىكىدە ئۆزىنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى تۇراتتى.» بۇ تەسۋىردىن ئاپاق خوجا خاراكتېرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى يەنى ئۆزىنى ئالاھىدە سىرلىق تۇتىدىغان، مەنمەنچى، تەكەببۇر، قاتتىق قوللۇقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، شائىر بايان ئۇسلۇبىدا خەلق داستانلىرىنىڭ نەسىر بىلەن نەزمىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى نەسىر شەكلى بىلەن،

پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، مۇلاھىزە قاراشلىرىنى نەزم شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، ئوبرازلىق خاراكتېرىنىڭ يارقىن ۋە مۇكەممەللىكىنى تەمىن ئەتكەن. مەسىلەن:

كۆرۈڭ ئەۋلادى پەيغەمبەر يېتىپ بۇتخانىدا ئۈچ ئاي،
مۇسۇلمان قەتلىچۇن قاتراپ يۈگۈردى زادىلا تىنماي.
..............................
ئەيكى يار زىنھار سەن ھېچكىمگە ئازار ئەيلىمە،
ھېچ دىلغە بەرمە رەنجىش ئانى كۆپ زار ئەيلىمە.
ھەر جەفاكىم ھەم قىلۇرسەن تاڭلا كەلمىش يۈز ساڭا،
ئۆزگە نەفئە ئىستەپ، بىراۋگە زۇلۇم بىسيار ئەيلىمە.
قويماغىل بىجا قەدەم، قىلما خىيانەت كىمسەگە،
ئىككى ئالەمدە قاتىغ جانىڭغە كۆپ كار ئەيلىمە.

دەسلەپكى شېئىردا، ئاپتور ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان ئاپاق خوجا ئوبرازىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى مۇكەممەل يارىتىپ بەرگەن بولسا، كېيىنكى شېئىري مىسرالىرىدا، رېئال جەمئىيەت ھاياتىنىڭ شېئىري سۈرىتىنى سىزىپ، ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە ئازار بەرمەسلىكىنى، باشقىلارغا زۇلۇم ـ جاپا قىلىنسا بۇ جاپانىڭ يۈز ھەسسىلەپ ئۆزگە

قايتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارغا زۇلۇم ـ ستەم قىلىشىنىڭ ئىككىلا دۇنيادا قاتتىق گۇناھ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شېئىرىي پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى، ئەسەر تىلى تاۋلانغان ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئۇ مەلۇم جەھەتلەردىن كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە. ئاپتور كىنايە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سەلبىي تىپلارنى كۈچلۈك مەسخىرە قىلغان. مەسىلەن: «تۇغما ئەۋلىيا»، «ئالەمنىڭ قۇتىسى»، «كارامەت ئىگىسى» دېگەندەك سۆزلەر ئاپتورنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق مەسخىرە ئىكەنلىكى ئەسەر مەزمۇنىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بۇ نادىر ئەسىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى، ئەدەبىي قىممىتى، ئىلمىي قىممىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەردە، مۇھەممەد سادىق قەشقىرى مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا، خوجا ئىشان كالان، خوجا ئاپاق، خوجا دانىيال، خوجا يۈسۈپ

خوجام، خوجا جاھان ئەرشى، خوجام فۇتۇھى، خوجا ئابدۇللا خوجام تەزكىرىلىرىنى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، بىئوگرافىيىسىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ، خوجا نىزامىدىن خامۇش، خوجاسىدىق خوجام، شائىرە ئۇلۇغ ئەزىزەم ۋە باشقىلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمەي قىسقىچە بايان قىلىدۇ. ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىي ۋە مەدەنىي مۇھىتنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرلەنمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئاپتور تەزكىرىسىدە ئاساسىي نۇقتا خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارىتىلغانلىقتىن بولۇشى مۇمكىن.

## «ئەدەبۇسسالىھىن»

مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا ئەللەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى «ئەدەبۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى) ناملىق ئەسىرى تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، نۇرغۇن كلاسسىكلىرىمىز تەپەككۇر دۇلدۇللىرىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق

بوستانىغا چاپتۇرۇپ، كىشىلىك ئەخلاقنى يۇكسەلدۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ خىل ئەسەرلەر جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىغا ئايلىنىپ، تۇرلۇك پەزىلەتلەرنى دائىمىي جارى قىلدۇرۇپ، يامان ئىللەتلەرگە خاتىمە بەردى. لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، ئۇستقۇرۇلمىلارنىڭ ئۆزگىرىشى، ھەر قايسى جەمئىيەت فورماتسىيىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سەلتەنىتىدە دەۋران سۈرۈشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن زەئىپلىشىش، چۈشكۈنلىشىش خاھىشلىرىمۇ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ ئەخلاق فورمىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ئالىم موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى كىشىلىك جەمئىيەتتىكى گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، تولىمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، زۆرۈرىي ئەخلاق فورمىلىرىنى «ئەدەبۇسسالىھىن» دېگەن نام بىلەن يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، شىنجاڭ مەدرىسىلىرىدە دەرسلىك قوللانمىسى قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما، كۆچۈرمە نۇسخىلىرى لېنىنگراد، تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. «ئەدەبۇسسالىھىن» ناملىق بۇ كىتاب رۇس شەرقشۇناسى ن. س، لېكوشىنىنىڭ تاشكەنت نۇسخىسىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن، 1895- يىلى تاشكەنتتە، 1915- يىلى پېتىربۇرگدا نەشر قىلىندى.

شائىر مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ ئەخلاقىي دىداكتىك قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنى كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ۋە سەپەر ـ ساياھەت جەريانلىرىدا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر، كېسەل يوقلاش، ئۇخلاش، دەم ئېلىشتا، ئىچىملىك ئىچىشتە، مېھمان كۈتۈشتە، مېھمانغا بارغاندا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر، سورۇنلاردا سۆزلەش، بىلىم ئېلىش، ئۇستاز، شاگىرتلار ئارىسىدا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەر، شۇنداقلا ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا رىئايە قىلىدىغان ئەدەپلەردىن ئىبارەت.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئىشلارنى دادىللىق بىلەن قىلىش، ئۆزىنى چەتكە تارتماسلىق، ئۇيالماسلىق» لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ھەر قانداق ئىشتا شەخسىي مەنپەئەتتىن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا دەپ بىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا

قويىدۇ.

«ئەدەبۇسسالىھىن» دە، ئاپتور كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتتىكى ئىشلارنى ئەدەبكە كىرىدىغان قىلىپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن يەنە بىر مەسىلە قاتتىق بولماسلىق، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشى، مەنمەنچى، ھاكاۋۇر بولماسلىق، يالغانچى، ماختانچاق، غەيۋەتخور بولماسلىق، ئاتا ـ ئانىلارنى، ئۇستازلارنى، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگەنگەن ھۈنەر ـ ئىلىمنى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر قەدەر مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قاراشلىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك گۈزەل ئەخلاقىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «زۇبدەتىل ماسائىل»

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەزكىرە ئەسەرلىرى ئارقىلىق، خەلقنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى بىلەن ئورگانىك باغلىنىشچانلىقا ئىگە بولغان مۇھىم تېمىلارنى

تاللىۋېلىپ، ئۇنى تارىخىي، بەدىئىي نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى ئالاھىدە يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىشقا تىرىشىپ، ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى، مىسلىسىز قەھرىمانلىق روھىنى مەدھىيىلىگەن بولسا، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىدە، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ «زۇبدەتىل ماسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرى مۇئەللىپ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا، «شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش» توغرىسىدا ئالاھىدە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«زۇبدەتىل ماسائىل» شائىرنىڭ ئەخلاقىي ۋە سىياسىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاپتور «زۇبدەتىل ماسائىل» ناملىق ئەسىرىدە، «جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش» توغرىسىدا ئالاھىدە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا

قويغانلىقى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى «قائىدە ـ تۈزۈم» نىڭ «مۇۋاپىق» بولۇش ـ بولماسلىقى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى خەلق ئاممىسىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولغاچقا، كۆپ تارىخي تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئاشۇ مۇدھىش جاھالەتلىك دەۋردە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد سادىق قەشقىرى يۈكسەك سىياسىي سەگەكلىك بىلەن جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشنى مۇھىم دەپ قارىغان. شۇنداقلا «مۇۋاپىق» بولغان قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش ھەققىدە ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شائىر مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ تارىخي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، گۇمانىزملىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك قاتارلىق ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن سوفىزم ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى سۇلۇكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەۋج ئالغان ئەشۇ تارىخي شارائىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەزكىرىلىرىدە تارىخي رېئاللىققا زىت بولغان دىنىي رىۋايەتلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمىغان. بۇنداق تەرەپلەرگە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخي ماتېرىيالىزملىق

نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە شاكىلى ئىچىدىن جەۋھەرلىرىنى تاللىۋېلىپ، كلاسسىك مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەدەبۇسسالىھىن

(ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى)

[ئىلاۋە:

مەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ 19 - ئەسىردە ياشىغان بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، تاھازىرغىچە مەتبۇئات يۈزىدە خەلقىمىز بىلەن تولۇق يۈز كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسەرنىڭ ھىجرىيىنىڭ 1314 - يىلى (مىلادىيە 1895—1896 - يىللىرى) تۈركىيىدە ھاجى ئابباس مەتبەئەسىدە كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلى بولغان چاغاتاي تىلىدا ئالىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «زۇبدەتىل ماسائىل ۋەلئەقائىد (تاللانغان مەسىلىلەر ۋە ئەقىدىلەر)» بىلەن قوشۇپ بېسىلغان تاش باسما نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى نەشرگە تەييارلىدىم. ئەمما سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك ئەسەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىيەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. جامائەتنىڭ ئەپۇ نەزىرى بىلەن ئەسەرگە

ئىلتىپات قىلىشىنى سورايمەن. ئاخىرىدا ئەسەردىكى ئەرەبچە سۆز ـ جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا قىممەتلىك ياردىمىنى ئايىمىغان ئۇستاز يوللۇق بۇرادىرىم ئوبۇلقاسىم تۇرۇپقا تەشەككۇر ئېيتىمەن.]

## ئىزنە (رۇخسەت) سوراش، سالاملىشىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە (يۈزىگە) سۆيۈپ كۆرۈشۈشنىڭ بايانى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈندۇ:

**ئاۋۋالقى پەسىل: ئىزنە سوراش يەنى بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كىرمەككە ئىزنە (رۇخسەت) تەلەپ قىلماقنىڭ ئەدەپى بايانىدا**

ئۇنىڭدا بەش ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ھەر كىم بىر كىشىنىڭ ئىشىكى (ئالدىغا) بېرىپ، (ئىچكىرىگە) كىرمەكنى ئىستىسە، ئاۋۋال ئۇ كىشى (ئۆي ئىگىسى) گە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىشىكنىڭ سىرتىدىن بىلدۈرگەي ھەم شۇ تەرىقىدە ئىشىكنى ئاستا قاققاي ياكى شەپە بەرگەي.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئاۋاز چىقسا ئىشىكنىڭ

سىرتىدىن ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىپ، «ئىچكىرىگە كىرەيمۇ؟» دەپ سورىغاي، سوراش ئۈچ مەرتىۋىگىچە بولۇپ، ھەربىر مەرتىۋە سورىغاندىن كېيىن، بىرئاز ۋاقىت توختاپ يەنە سورىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۈچ مەرتىۋە (سوراشتىن) كېيىنمۇ ئىجازەت بەرمىسە ھەم ئاۋاز چىقمىسا، يەنە ساقلىمىغاي ۋە ئىشىك ئالدىدىن تېز قايتقاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئۆي ئىگىسى «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئىتىنى ئېيتقاي، ئەمما «مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز» ياكى «دوستىڭىز» دېمىگەي، مۇنداق جاۋاب ئۆي ئىگىسىنى شۈبھىگە سالىدۇ.

بەشىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئۆي ئىگىسى ھەمراھ بولسا ۋە ئۇنى باشلاپ ماڭغان بولسا، ئىشىككە كەلگەندە ئۆي ئىگىسىدىن ئىزنە تەلەپ قىلىپ يۈرمىگەي.

## ئىككىنچى پەسىل: سالامنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا توققۇز ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئىككى مۇئمىن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل كەلسە، خاھ تونۇش بولسۇن، خاھ ناتونۇش بولسۇن، سالام بېرىشكەي، سالام بەرمەك سۈننەتتۇر. ئەگەر سالام بېرىلگەن

كىشى بىر ئادەم بولسا، جاۋاب سالام قايتۇرۇش پەرزدۇر؛ سالام بېرىلگەن كىشى كۆپ ئادەم بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ۋاكالىتەن سالام بەرسە كۇپايىدۇر.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئەگەر كىشى بىر جامائە مۇئمىنلەرنىڭ ئالدىغا كىرسە، (ئۇلاردىن) بىر كىشىنى كۆزلەپ سالام بەرمىگەي، بەلكى بارچە جامائەتنى كۆزدە تۇتقاي. ئەمما كوچىدا ياكى بازاردا بىر كىشىنى خاس قىلىپ سالام بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر جامائەت بىر كىشىگە سالام بەرسە، ئول كىشى ھەممىگە باراۋەر جاۋاب سالام بېرىشى لازىمدۇر، ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنىلا كۆزلەپ جاۋاب سالام بەرسە باشقىلارنىڭ سالىمى جاۋابسىز قالىدۇ، ئۇ ھالدا قەرز ساقىت بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە بىراۋدىن سالام ئېبەرتسە، ئول سالامنى يەتكۈزگۈچىنىڭ سالام يەتكۈزۈشى ۋاجىپتۇر. بۇ ھالدا سالام بەرگۈچى جاۋاب سالىمى بېرىشى، ئەمما سالام ئېلىپ كەلگۈچىنى جاۋاب سالامغا قوشماسلىقى لازىم. بۇ ھالدا «ۋەئەلەيك»، «ۋەئەلەيهى» «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەي. ئەگەر سالام مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب سالام يېزىش لازىمدۇر.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سالام بەرگەندە بېشىنى تۆۋەن قىلمىغاي ۋە يەنە قول، كۆكسى ياكى بېشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئىشارەت قىلمىغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئىنىق ھەم ئاڭلىغۇدەك سالام بەرمەك كېرەككى، قارشى تەرەپ ئاڭلىغاي ھەم جاۋاب سالامنى سالام بەرگۈچىگە ئاڭلاتقاي. ئەگەر گاس كىشىگە سالام بېرىلگەندە ئۈنلۈكرەك ئاۋاز بىلەن ياكى قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىلگەي. ئەگەر قول بىلەن ئىشارەت قىلىنمىسا، سالام بېرىلگۈچى ئاڭلىمىسا، ئاڭا جاۋاب سالام لازىم ئەمەس، ئەگەر گاس كىشى سالام بەرسە ھەم سۆز بىلەن، ھەم ئىشارەت بىلەن جاۋاب سالام بېرىلگەي. ئەگەر تىلسىز كىشى سالام بەرسە، جاۋابى تىل بىلەن قايتۇرۇلغاي ھەم ئىشارەتمۇ قىلىنغاي، شۇندىلا سالام قەرزى ساقىت بولغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، (ئادەتتە) چوڭ كىشى كىچىككە، ئاتلىق كىشى پىيادىگە، ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا، خوجايىن خىزمەتچىسىگە، ئاز كۆپكە ئاۋۋال سالام بەرگەي.

ئالتىنچى ئەدەپ، كىشى يالغۇز ھالەتتە ساھىبجامال ئايالغا سالام قىلمىغاي، ئەگەر سالام بەرسە، جاۋاب ئالمىغاي. ئايال كىشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا ياكى ساھىبجامال بولمىسا، سالام بەرمەك راۋادۇر. ئەگەر ئۇ ئايال سالام بەرسىمۇ ئاڭا جاۋاب سالام لازىمدۇر. ئەمما ئايال كىشىگە سالام بەرمەك ئۆز خوتۇنىغا ۋە مەھرەملىرىگە

مۇۋاپىق ھالەتتە بولغىنى تۈزۈك، جاۋابمۇ شۇ تەرتىپتە لازىمدۇر. ئاياللار بىر ـ بىرىگە سالام بەرمەكلىك سۈننەت، سالامغا جاۋاب بەرمەكلىك پەرزدۇر. ئەگەر بىر كىشى ساھىبجامال ئايالار تويغا سالام بەرسە ھېچ زىيىنى يوق ھەم ئۇلار جاۋاب سالام بەرمىكى لازىم، ئەگەر ئۇلار سالام بەرسە ھەم جاۋاب سالام بەرمەك لازىم. ئەگەر كۆپ كىشى بىر يېگانە ساھىبجامال ئايالغا سالام بەرسە، يا شۇنداق ئايال بىر جامائە ئەرگە سالام بەرسە، بۇ ئىككى ئەھۋالدا جاۋاب سالام بەرمەك لازىم. شەرت: ئوتتۇردا پىتنە بولماسلىقى كېرەك!

يەتتىنچى ئەدەپ، تۆۋەندىكى ھالەتتە سالام بەرمەك مەكرۇھدۇر. بېرىلگەن سالامغا جاۋابمۇ بەرمەسلىك كېرەك:

بىرىنچى، ھاجەت قىلىۋاتقان كىشىگە؛

ئىككىنچى، خوتۇنىغا يېقىنچىلىق قىلىۋاتقان كىشىگە؛

ئۈچىنچى، ئۇخلاۋاتقان كىشىگە؛

تۆتىنچى، ھاممام (مۇنچا) دىكى كىشىگە؛

بەشىنچى، تائام يەۋاتقان كىشىنىڭ ئاغزىدا تائام بار بولسا (لېكىن ئاغزىدا تائام بولمىسا، سالام بېرىش ۋە جاۋاب سالىمى قايتۇرۇش لازىمدۇر)؛

ئالتىنچى، دۇئا قىلىۋاتقان كىشىگە؛

يەتتىنچى، تەلەپ ئىيتىپ تۇرغان خىزمەتچىگە؛

سەككىزىنچى ئەدەپ، پىتنە تارقاتقۇچى، پاسىق، ناپاك ۋە زالىمغا سالام بەرمىگەي. ئۇلار سالام بەرسىمۇ جاۋاب بەرمىگەي. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى ئىلىم ئەھلىلىرىگە سالام بەرمەكچى بولسا بۇ تەرىقىدە ئىيتقايكى: «توغرا يولغا ماڭغان كىشىلەرگە سالام.» ئەگەر ئۇلارغا خەت ئەۋەتسە، مەكتۇپ ئاخىرىدا ھەم مۇشۇنداق سالام ئىيتقاي، ئەمما «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دىمىگەي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ۋىدالىشىش (خوشلىشىش) ۋاقتىدىمۇ سالام بىرىش سۈننەتتۇر، بولۇپمۇ ئۆلىمالار يىنىدا.

## ئۈچىنچى پەسىل: مۇلاقات (ئۇچرىشىش) ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا بەش ئەدەپ باردۇر:

بىرىنچى ئەدەپ، ئۇچراشقاندا كۆرۈشۈش لازىم.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئىككى ئالىقاننىڭ يۈزى بىلەن (قول ئىلىشىپ) كۆرۈشۈش لازىم. ئەمما قول ئۇچى بىلەن ئەمەسكى - ھەر ئىككىيلەن ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈش سۈننەتتۇر. كۆرۈشۈشكە ئاۋۋال قول ئۇزاتقان كىشى تاكى ھەمراھى قولىنى تارتمىغۇچە، قولىنى

تارتمىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا يۈزىنى ئوچۇق تۇتقاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە سەلاۋات ئېيتقايلار.

بەشىنچى ئەدەپ، بىئەدەپ، زالىم، پاسىق، ناپاك بىلەن، شۇنىڭدەك ئاياللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشتىن ساقلانغاي.

## تۆتىنچى پەسىل: قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە قول سۆيۈش ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا تۆت ئەدەپ باردۇر:

بىرىنچى ئەدەپ، سەپەردىن كەلگەن كىشى ئۆزىنى كۈتۈۋالغان كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەي، ياش ئوغلانلارنىمۇ قۇچاقلاپ ھەم يۈزىدىن سۆيۈپ كۆرۈشسە جائىزدۇر. ئەمما ئەرلەر ئاياللار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىگەي (بۇ ھارامدۇر)، مەيلى مۇساپىر، مەيلى مۇجاۋىر (شۇ جايدا دائىملىق تۇرغۇچى) بولسۇن، ھېچكىم ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىگەي.

ئىككىنچى ئەدەپ، مۇجاۋىرلار ھەر كۈنلۈك ئۇچرىشىشلاردا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىگەي، ئارىلىقتا

بىرقانچە كۈن ئۆتكەن بولسا مەيلى.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سالىھ (ياخشى) كىشىلەرنىڭ قولىنى كۆرۈشكەندە سۆيمەك مۇستەھەب (ياخشى ئىش) دۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قولىنى سۆيسە بولىدۇ.

## ئۇخلىماق، يول يۈرمەك، ئات مىنمەك ئەدەپلىرى بايانىدا

ئۇشبۇ باب تۆت پەسىل بىلەن تەرتىپلەنگەندۇر:

### ئاۋۋالقى پەسىل: ئۇخلىماقنىڭ بايانى

بۇنىڭدا ئۈچ ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقىغاي، قاچا - ئىدىشلارنىڭ ئېغىزىنى چىڭ ئەتكەي، تۆشەكنى يېڭى ياكى تونى بىلەن سۈپۈرگەي، كۆرپىنى ئۈچ مەرتىۋە سىلكىۋېتىپ سالغاي، ئوتنى ھەم چىراغنى ئۆچۈرگەي. بۇلارنىڭ بارچىسى سۈننەتتۇر.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئۇخلايدىغان ئورۇنغا بەك يۇمشاق نەرسىلەرنى سالمىغاي ۋە يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ، ئوڭ

قولىنى تەكىي قىلىپ ياتقايكى، بۇ سۈننەتتۇر.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ياخشى چۈش كۆرسە ئىزھار قىلغاي ۋە شۈكۈر قىلغاي، يامان ۋە ۋەھىمىلىك چۈش كۆرسە ھېچكىمگە ئىزھار قىلمىغاي ۋە ئۇنىڭدىن (چۈشىدىكى يامانلىق ۋە ۋەھىمىدىن) پاناھ تىلىگەي.

## ئىككىنچى پەسىل: كىيىم كىيمەك ئەدەپلىرى باياندا

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، كۆڭلى بىرلا كىيىمگە باغلىنىپ قالمىغايكى، قانداق كىيىم توغرا كەلسە كىيىۋەرگەي.

ئىككىنچى ئەدەپ، كىيىم كىيىشتە تەكەللۇپ قىلمىغاي، كۆپ ۋاقىتلاردا ئاددىي كىيىم كىيگەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملەرنىڭ يېڭىنى قولىدىن بېغىشىغىچە ياكى بارماق ئۇچىغىچە قىلسا مۇۋاپىقتۇر، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن قىلسا مەكرۇ ۋە سۈننەتكە مۇخالىپتۇر. كىيىمنىڭ يېڭىنى كەڭ قىلماق سۈننەتتۇر. كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە ياكى ئوشۇققىچە بولغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خالىس ھالدا ئاق كىيىم كىيىش سۈننەتتۇر. ئەرلەرگە قىزىل ياكى

سىرىق كىيىم كىيىش مەكرۇدۇر.

بەشىنچى ئەدەپ، (ھەرقاچان) كىيىمنى پاكىز تۇتقاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئەھلى نىئمەت (قول ـ ئىلكىدە بار) كىشىلەر ياخشى كىيىملەرنى كىيگەي. شەرتكى، بۇ كىبىر ۋە مەنمەنلىك بولۇپ قالمىسۇن. تەرىقەت ئەربابلىرى ئېيتىپتۇكى، گۈزەل ۋە ياخشى كىيىم كىيمەك شۇنداق كىشىلەرگە جائىزدۇركى — ئەگەر ئۇلاردا ياسانچۇقلۇق ھېرىسى بولمىغان ۋە ھاۋايى نەپسىنى ئۆلتۈرگەن بولسا.

يەتتىنچى ئەدەپ، يېڭى كىيىم كىيگەندىن كېيىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلىۋەتكەي.

**ئۈچىنچى پەسىل: يول يۈرمەك ئەدەپلىرى بايانىدا**

بۇنىڭدا ئون ئىككى ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، يول يۈرۈشتە قەدەمنى تېز ـ تېز ئالمىغاي، ئاستا ئالمىغاي، بەلكى ئوتتۇراھال قەدەم ئالغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئىككى ئايىغىغا كىپىش كىيگەي، بىرىگە كىيىپ، يەنە بىرىگە كىيمەي يۈرمىگەي، ئۇنداق يۈرگەندىن ئىككىلا پۇتى يالاڭ يۈرگەي، ھەرقاچان كىپىشنى نىجاسەتتىن ساقلىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، يول يۈرگەندە يالغۇز يۈرۈشتىن

نومۇس قىلمىغاي ۋە يېنىدا ئادەم ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالمىغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، پاتقاق يولدا يۈرگەندە بىر كىشى بىلەن تەڭ مېڭىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كېيىمىدىن نىجاسەت يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئەنسىرەپ قېچىپ يۈرمىگەي.

بەشىنچى ئەدەپ، يول يۈرگەندە كۆزىنى قەدىمىدىن ئۈزمىگەي ۋە ئەتراپقا بىھۇدە قارىمىغايكى ئاگاھلىق بىلەن يول يۈرگەي.

ئالتىنچى ئەدەپ، يولدا ئېھتىيات بىلەن يۈرگەي. خۇسۇسەن بازاردا ۋە ئادەم كۆپ جايدا يۈرگەندە كىشىلەرگە دەخلىسى يەتمىگەي. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنى يانپىشى بىلەن ئۈرۈپ سالمىغاي ۋە پۇتىغا دەسسىۋالمىغاي. ئەگەر ئىككى كىشى يولدا ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمىگەي. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىشتىن قاتتىق ساقلانغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، يولدا ياشانغان كىشىلەرگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلغاي ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەي. ئۇستازى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن بىللە يۈرگەندە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەي. ئېھتىيات بىلەن ماڭغايكى، ئۇلارنىڭ ئىزىغا قەدەم قويمىغاي،

بىئەدەپلىك بولۇر.

سەككىزىنچى ئەدەپ، يولدا ھەمراھلىرىغا ئېتىبار بەرگەن ھالدا يۈرگەي. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرگەن بولسا خىزمىتىدە بولغاي. ئەگەر كەينىدە يۈرگەن بولسا ئەدەپ، ھۆرمىتىدە يۈرگەي. ھەمراھ بۇرادەرلەر يول يۈرگەندە بىلىق سۇدا ئۈزگەن كەبى تىنچ ۋە رەتلىك يۈرگەيكى، ئىلگىرى يا كېيىنلىكنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، يول ئۈستىدە بىر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرمىغاي. ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن سالاملىشىپ تېز مېڭىپ كەتكەي. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، بىر يانغا چىقىپ سۆزلەشكەي. ئەمما مەنزىلدە ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇشقاندا بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراشماق ياخشى ئىشتۇركى، ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتنى زىيادە قىلىدۇ.

ئونىنچى ئەدەپ، يولدا تىكەن، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ يۈرۈشىگە تەسىرى يېتىدىغان نەرسىلەر ئۇچرىسا، يولدىن ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتكەي. يول ئۈستىگە بۇرنىنى قاقمىغاي، تۈكۈرمىگەي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، يولدا ناتىۋان ۋە ئاجىز كىشىلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا ياردەم كۆرسەتكەي. ئەگەر خىزمەتكار يا كىچىك باللارنىڭ قولىدىكى قاچىلىرى چۈشۈپ كېتىپ سۇنغىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىدە قالغىنىنى كۆرسە، باشقا قاچا

ئېلىپ بېرىپ خاتىرجەم قىلغاي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، كوچا باشلىرىدا بىكار ئولتۇرمىغاي، ئەگەر ئولتۇرسا، يول ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەيكى، يول ھەققى ئۇشبۇدۇر: نامەھرەملەرگە نەزەر سالمىغاي، (كىشىلەرنىڭ) سالىمىغا جاۋاب بەرگەي. يېنىدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە يامانلىق قىلماسلىق توغرىسىدا تەرغىبات قىلغاي، ئاجىزلارنىڭ نالە ـ زارىغا يەتكەي.

## تۆتىنچى پەسىل: ئات مىنمەك ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا تۆت ئەدەپ باركى:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئاتلىق ماڭغان كىشى ھەرقانچە ئۇلۇغ، مەرتىۋىسى زىيادە بولسىمۇ، پىيادىلەرگە ئاۋۋال سالام بەرگەي، گەرچە پىيادە كىشى پېقىر، كىچىك بالا ياكى مەجرۇھ ـ بىچارە بولسىمۇ.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئاتنى يولدا ئېھتىيات بىلەن ھەيدىگەيكى، ھېچبىر كىشىگە ئازار يەتكۈزمىگەي. ھەرقانچە ئىشى بولسىمۇ، ئاتنى بەك تېز يۈرگۈزمىگەي، بولۇپمۇ لاي ـ پاتقاق يوللاردا.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئاتلىق كىشى خىزمەتكارىنى بىللە ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىبار بەرگەي. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

خىزمەتكار ئاتنى يېتىلەپ ماڭغان بولسا، ئاتنى تېز ھەيدىمىگەيكى، خىزمەتكار بىچارە يۈگۈرۈپ يۈرمىگەي. ئەگەر بارىدىغان جايى يىراق بولسا خىزمەتكارنىمۇ پىيادە ماڭدۇرمىغايكى — بۇ كىشىنىڭ ئالىيجانابلىق سۈپىتىگە خىلاپتۇر. شۇڭا ئۇلارغىمۇ ئۇلاغ تېپىپ مىندۇرگەي، ئۇلاغ بولمىسا ئارقىسىغا مىندۇرۇۋېلىش ياكى نۆۋەتلىشىپ مىنىش كېرەك.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئۇلاغنىڭ بېشىغا ۋە يۈزىگە تاياق ياكى قامچا بىلەن ئۇرمىغاي، بىرەر يەردە ئات ئۈستىدە توختاپ قالمىغاي، ئات ئۈستىدە ئۇخلىمىغاي. ئاتنى ئاچ ۋە سۇسىز قويمىغاي ھەم يەنە بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق جايدا قويمىغاي. ئەگەر بارىدىغان جايى بەك يىراق بولسا، گاھىدا ئاتتىن چۈشۈپ پىيادىمۇ يۈرگەي.

## سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپى ۋە شارائىتى بايانىدا

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

**ئاۋۋالقى پەسىل: تەرىقەت پېشىۋالىرى سۆھبەتلىرىنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا**

بۇ ئون ئالتە ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەتلىرىدە شاگىرت تەۋەززۇھ (كەمتەرلىك) بىلەن تۆۋەنرەك جايدا ئولتۇرغاي. ئەگەر ئۇستاز يۇقىرىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇسا يۇقىرىغا ئۆتكەي. ئولتۇرۇشتا جىم ۋە تىنچ ئولتۇرغايكى، بىھۇدە ھەرىكەت قىلمىغاي ۋە ئارامىدا ئولتۇرغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، پىر ـ ئۇستازنىڭ مەجلىسلىرىدە ئۇستازنىڭ بۇيرۇق تەرتىپلىرىگە ھەرقاچان ھازىر بولۇپ، جان ـ دىل بىلەن ئەمەل قىلغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ سۆزلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاي ۋە ئۇ سۆزلەرنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ ئەمەل قىلغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئۇستازلار ئۆزلىرىدىن قالغان تائامنى بەرسە باشقىلارغا تۇتماستىن ئۇنى يېگەي.

بەشىنچى ئەدەپ، ئۇستازىغا سۆز قىلماقچى بولغان، ئۇ كىشى سۆزنى ياخشى ئاڭلىغۇدەك پەيتنى تاللاپ سۆز قىلىش كېرەككى، ئۇستازىنىڭ شۇ سۆزنى ئاڭلاشقا ۋاقتى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش، ۋاقىتسىز ھەم ئورۇنسىز سۆزلىمەسلىكى لازىم. ئەگەر سۆزلەشكە ۋاقىت بولسا قىسقا سۆز بىلەن مەقسىتىنى بىلدۈرگەي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەتلىرىدە جىمجىت ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەي. ئەگەر

ئۇستازى بىرەر جايغا بارماقچى بولسا، قاياققا بارىدىغانلىقىنى سورىمىغايكى، بارچە ئىشتا مۇشۇنداق ئىغىر ـ بېسىق بولغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، جىمى ئۆمرىدە ئىختىيارىنى ئۇستازىغا تاپشۇرغايكى، ئىشلىرىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش قىلمىغاي. ھەتتاكى، يېمەك ـ ئىچمەكتىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلغاي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمىغاي، بەك زۆرۈر ئىش بولغاندىمۇ.

ئونىنچى ئەدەپ، ئەگەر ئۇستازى ئۇنىڭغا مەسلىھەت ـ كېڭەش تاشلىسا، تەدبىر مەسلىھەت كۆرسىتىشكە ئالدىرىمىغايكى، «ئۆزلىرى ياخشىراق بىلىدىلا» دەپ تۇرغاي. ئەگەر ئۇستاز كۆپ ئويلاپ كەتسە، ئاندىن كېيىن ئۆز كۆڭلىدىكىنى ھېلىملىق ۋە تۆۋەنلىك بىلەن ئېيتقايكى ئەدەپكە خىلاپ ئەمەستۇر.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ خىلۋەتخانىلىرىغا ئىجازەتسىز كىرمىگەي، تەلەپ قىلمىسا يېقىنلاشمىغاي. ئەگەر ئۇستازىنىڭ خىلۋەتخانىلىرىغا كىرسە، ئۇستازىنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان ئورنىدا ئولتۇرمىغاي ۋە شۇنىڭدەك ئۇستازىنىڭ كىيىم ـ كېچەك يا ئايغىنى كىيمىگەي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، ئۇستازى بىلەن بىللە بىر

ئۆيدە ئۇخلىمىغاي. ئەگەر ئۇستازى خوپ كۆرسە، ئەدەپكە خىلاپ بولماس. لېكىن بەك ئېغىر ئۇخلىمىغاي ۋە سەگەكلىكىنى يوقاتمىغاي.

ئون ئۇچىنچى ئەدەپ، ئۇستازى بىلەن سۆز تالاشمىغاي ۋە چاقچاق قىلمىغاي. ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىدىكى كىشىلەر بىلەنمۇ سۆز تالاشمىغاي ۋە چاقچاقلاشمىغاي. ئۇستازىنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىشتىن مۇتلەق ئۆزىنى تارتقاي.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سۆزلىمىگەي.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، ئۇستازدىن بىرەر ئىلىمدە تەھقىق ۋە تەدقىق (تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئېنىقلاش) نى ئەسلا تەلەپ قىلمىغاي.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ مىكرىدىن ھەزەر قىلغاي، يەنى ئەدەپسىزلىك سادىر بولسا ۋە ئۇستازى ئۇنى بىلمەسكە سېلىپ ئاچچىقلىمىسا، بۇنى يېقىنلىق قىلدى، دەپ بىلمىگەي. چۈنكى ئۇستاز ھىيلە ئىشلىتىپ، ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ ئېتىبار قىلمىغاندەك يۈرسە، بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئالامەت جايىغا تەگكەن بىر تۈرلۈك تەنبىھ ھىيلىسىدۇر. مەگەر ئۇستاز جازالىسىمۇ شاگىرت رازى بولغاي.

**ئىككىنچى پەسىل: مەنىۋى ئەدەپلەر باپىدا**

بۇنىڭدا ئون ئالتە ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، شاگىرت ئۇستازىنى زامانىنىڭ يەككە - يېگانىسى سۈپىتىدە بىلىپ ئىشەنگەي.

ئىككىنچى ئەدەپ، شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ ھەممە ئەھۋالىغا ئىشىنىپ ئەگەشكەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقى ۋە چەكلىشى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئىشىكىدىن كەتمەي خىزمىتىنى قىلماستىن، بەلكى ئۆزىچە كۆپرەك خىزمەت قىلغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ مەجلىسلىرىدە تەمكىن ۋە ئەدەپ - قائىدە بىلەن ئولتۇرغاي. ئورۇنسىز ھەرىكەتلەردىن ئىمكانىنىڭ بارىچە ساقلانغاي ۋە ھەرقانچە ئۇزۇن ئولتۇرسىمۇ سۆھبەتنىڭ پەيزىنى ساقلىغاي، خۇددى قاچىدىكى سۇ تىنچ ھالەتتە تۇرسا، ھەر نەرسىنىڭ ئەكسى سۇدا ئېنىق كۆرۈنگەنگە ئوخشاش.

بەشىنچى ئەدەپ، ھەمىشە ھەر ئىشتا جانابىي ئۇستازىغا يۈزلەنگەي. ھەزرىتى خۇاجە ئەھرار ئېيتىپتۇركى: شاگىرتنىڭ نەزىرى دائىم ئۇستازىنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغايكى، دىققەت بىلەن ئولتۇرغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ھەر ۋاقىت پىر ـ ئۇستازىنىڭ خۇشاللىقىنى قوزغاشتا لايىقىدا ئېتىبار بەرگەي، ئەمما ۋاقتىنى زايە قىلىپ قويۇشتىن ئۆزىنى تارتقاي. ھەرقاچان ۋاقىت ـ ئىمكانىيەتكە مۇۋاپىق سۆھبەتنى لازىم تۇتقاي ۋە مۇلازىمەت قىلغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ سىرىنى يەرگە كۆمگەي، ئەمما ئۇستازىدىن سىر يوشۇرمىغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، ئىشىنىڭ بېشىدا ۋە لايىق چېغىدا ئۇستازنىڭ ئىلمىگە مۇراجىئەت قىلغاي، ئۆزىچە ئۇنىڭ ساقلىنىشىغا ھۆكۈم قىلمىغاي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ ئىنكار قىلغۇچىلىرىغا (غەيۋەتىنى قىلغۇچىلارغا) ئارىلاشمىغاي ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق بولغاي.

ئونىنچى ئەدەپ، مەجلىستە ئۇستازىنىڭ يۈزىگە كۆپ قارىمىغاي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىدا ئويلىنىپ ئولتۇرمىغاي، بەلكى ئۇستازىغا يۈزلىنىپ ئولتۇرغاي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، شاگىرت بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇستازىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلغاي، ئەمما ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى ئۇستازىدىن سورۇشتۇرمىغەي.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، ئۇستازىنىڭ سۆھبىتىنى

غەرەزلىك ھالدا ئۇستاز بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئورنىتىۋېلىش پۇرسىتى سۈپىتىدە قارىمىغاي، بەلكى ئەدەپ يوللىرىنى ئۆگىنىش ۋە جەئمىيەتنى بىلىش، مەنىۋى دۇنياسىنى پاكىزلاش ئۈچۈن سۆھبەت قىلغاي.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، ئۇستازنىڭ مۇلازىمىتىدە مەيلى چەكلەنگەن بولسۇن ياكى چەكلەنمىگەن بولسۇن، ئارتۇق ئىشلارنى تاشلىغاي.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۇستازىغا مالاللىق كەلتۈرۈشتىن ساقلانغاي.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، تىلىدا ھەم دىلىدا ئۇستازنىڭ ھېچقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە نارازى بولمىغاي.

## ئۈچىنچى پەسىل: سۆھبەت ئەھلىگە لازىم نەرسىلەرنىڭ بايانىدا

بۇ ئوتتۇز ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، سۆھبەتنى خىلۋەت جايدا ئىختىيار قىلغاي ۋە ياخشى نىيەتتە، غەرەزسىز بولغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدەننى پاكىز ۋە خۇشبۇي تۇتقاي، بەتبۇي نەرسىلەرنى سۆھبەت ئەھلىدىن يىراق قىلغاي، تاكى سۆھبەت ئەھلى نەپرەتتىن خالاس بولغاي. ھەم يەنە چىشىنى چىرىگەن

نەرسىلەردىن خالىي قىلغاي. ئاغزىنى خام پىياز، سامساق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەتبۇي نەرسىلەردىن پاكىز تۇتقاي، تاكى سۆھبەتنى خالىماسلىقتا سەۋەب قالمىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ياخشىلار سۆھبىتىگە ھېرىس بولغاي. ئەزىزى ئېيتىپتۇركى: «نامازنىڭ قازاسى باردۇر، ئەمما سۆھبەتنىڭ قازاسى يوق، يەنى ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تاپقىلى بولماس، شۇڭا ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال تىرىشىش كېرەك.»

تۆتىنچى ئەدەپ، زىكرى - سۆھبەت ۋاقتىدا سۆھبەت ئەھلى ھالقا شەكلىدە ئولتۇرغايكى، ئۇنىڭدا نەچچە خىل پايدا باردۇر: بىر - بىرىگە يۈزمۇيۈز ئولتۇرالايدۇ، بىر - بىرىگە نەزەر سېلىشالايدۇ ھەم بۇ ھالدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئىمتىياز - پەرقسىز ھالدا بىر خىلدا ئولتۇرالايدۇ ۋە يەنە ھالقا شەكلىدە ئولتۇرۇلسا، سۆھبەت ھەممەيلەنگە ئوچۇق بولغاي.

سۆھبەت ئەھلى ئارىسىدا بىرەر ئۇلۇغ (مۆتىۋەر) كىشى بولسا، ئەدەپى شۇكى — باشقىلار يۈزىنى شۇنىڭغا قىلىپ ئولتۇرغاي. ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەتلەشكەن بولسا، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ۋە تىزمۇتىز ئولتۇرغاي. ئەگەر ھېچكىشى بولمىسا يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئولتۇرغاي.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى ئەدەپ، ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرمىغاي، ئەگەر بىرەر كىشىگە سۆزى بولسا ياكى بىرەر خىزمەتنى بەجا كەلتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولسا ۋاقىتلىق ئولتۇرۇشى جايىزدۇر.

ئالتىنچى ئەدەپ، مەجلىستە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىرلە ئولتۇرغاي ۋە سۆھبەتداشلىرىنى ئازادە ئولتۇرغۇزغاي، تىزىنى باشقىلارنىڭ تىزىغا قويۇۋالمىغاي، رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالمىغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، تەكەببۇرلارچە ئولتۇرمىغاي. چەپ قولىنى ئارقىسىدىن يەرگە قويۇپ، تەكىيە قىلىپ ئولتۇرمىغاي، ئەگەر ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە بەدەشقان قۇرۇپ ياكى ئىككى تىزىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قولى بىلەن پاچىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، سۆھبەت ئەھلى كىرگەن ۋە چىققان چاغدا ئورنىدىن تۇرغاي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزگەي ۋە تەزىم قىلغاي.

ئونىنچى ئەدەپ، ئەدەپسىز سۆز ۋە يامان ھەرىكەتتىن، ئورۇنسىز سۆكۈتتىن ئۆزىنى ساقلىغاي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، چوڭلار ۋە كىچىكلەرنىڭ

ھەرقايسىسىنى ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت قىلغاي. ياشانغان كىشىلەرنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ئۇلارغا خىزمەت قىلغاي. تەڭتۇشلىرىنى ئاكا ـ ئۇكا قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا ئوچۇق ۋە لايىقىدا مۇئامىلە قىلغاي، كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارغا شەپقەت ۋە نەسىھەت قىلىپ ئەدەپلىك مۇئامىلىدە بولغاي. ھەركىم ئۇلارنى ھالاللىق ۋە توغرىلىققا دەۋەت قىلغاي. لېكىن بۇزۇق كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىلغاي. ئەگەر زۆرۈرىيەت بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قوشۇلۇپ قالسا، كۆزى ۋە كۆڭلىنى ئۇلاردىن ساقلىغاي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، ئەھلى تەۋەززۇ ـــ كەمتەر كىشىلەرگە كەمتەر بولغاي. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ئېھسان ۋە خەيرلىك تىلەپ دۇئا قىلغاي.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر كۆپچىلىك ئارىسىدا چۈشكۈرۈك كەلسە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، مۇلايىم چۈشكۈرگەي ھەم ئاغزىغا يېڭىنى ياكى باشقا نەرسىنى تۇتقاي.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، چۈشكۈرۈكتىن كېيىن ھەمد ئېيتقاي، ھەمدنى يېقىملىق ئاۋازدا ئېيتقايكى، باشقىلار ئۇنى ئىشىتكەي.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، ئەي ئەزىز بىلگىنكى،

www.uyghurkitap.com

چۈشكۈرگەندە ئېيتىلغان ھەمدكە بىر كىشىنىڭ جاۋاب بەرگىنى كۇپايىدۇر، ھەمدنى ئىشىتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى جاۋاب بەرگىنى ياخشىدۇر.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، ئەگەر چۈشكۈرگۈچى ھەمد ئېيتمىسا، ئىشىتكۈچى ھەم جاۋاب بەرمىگەي. ئەگەر بىر كىشى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا چۈشكۈرگۈچى ئېيتقان ھەمدنى ئاڭلىماي قېلىپ، جاۋاب بەرگۈچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ ھەم جاۋاب ھەمد ئېيتقاي.

ئون يەتتىنچى ئەدەپ، چۈشكۈرگۈچى ھەمد ئېيتمىسا، مەجلىس ئەھلى ئۇنى ھەمد ئېيتىشقا ئۈندىگەي.

ئون سەككىزىنچى ئەدەپ، چۈشكۈرۈك ئەگەر قايتا ـ قايتا تەكرارلانسا، دۇرۇسراق مەسلىھەت شۇكى، ئۈچىنچى چۈشكۈرۈكتە، ئاڭا «زۇكام بولۇپسىزمۇ؟» دېگەي. بەزى ئالىملار ئېيتىدۇركى: «تەڭرى ساڭا شىپالىق ئاتا قىلغاي ۋە سېنى ئەپۇ قىلغاي» دېگەي.

ئون توققۇزىنچى ئەدەپ، سۆھبەت ئەھلىگە ھەقىقىي كۆڭۈل رىغبىتى بىلەن خىزمەت قىلغاي.

يىگىرمىنچى ئەدەپ، سۆھبەت ئەھلى ئۈچۈن ھەرقانداق خىزمەتتىن ئۆزىنى تارتمىغاي ۋە (سۆھبەت ئەھلىدىن) ھېچكىمگە خىزمەت بۇيرۇمىغاي.

يىگىرمە بىرىنچى ئەدەپ، مەينەت، تۆۋەن سانىلىدىغان

خىزمەتلەردىن خالىي جاي (ھاجەتخانا) تازىلاش، تەرەت چالمىسى تەييارلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەردىن ھەرگىز ئار ۋە نومۇس قىلمىغاي.

يىگىرمە ئىككىنچى ئەدەپ، قىلغان خىزمىتىنى مىننەت قىلمىغاي، بەلكى ئۆزى قىلغان خىزمەتنى سۆھبەت ئەھلىنىڭ قوبۇل قىلغىنىغا كۆپتىن كۆپ شۈكۈر، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەي.

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەدەپ، مەيلى يېقىن دوستلار ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن سۆھبەتتە ئوچۇق يۈزلۈك ۋە چۈچۈك تىللىق بولغاي. بۇ چىرايلىق ۋە ئالىيجاناب ئەدەپنىڭ ئەۋزىلىدۇر.

يىگىرمە تۆتىنچى ئەدەپ، خاھى سۆزدە ۋە خاھى ھەرىكەتتە سۆھبەت ئەھلىگە مۇۋاپىق ئىش قىلغاي.

يىگىرمە بەشىنچى ئەدەپ، ئۆز مېلىنى سۆھبەت ئەھلىدىن قاچۇرمىغاي، بەلكى ئۇلارنى ۋە ئۆزىنى مۈلكىدە باراۋەر كۆرگەي (لېكىن خوتۇنى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر).

يىگىرمە ئالتىنچى ئەدەپ، مەجلىستە ھەدىيە (سوۋغات) كەلسە، ئۇ بىراۋغا خالىس بولسىمۇ، «ئەلھەدايا مۇشتەرىكۇن - ھەدىيە كۆپچىلىككە تەئەللۇقتۇر» ھۆكمى بويىچە سۆھبەتداشلارنى (ھەدىيەگە) شېرىك قىلغاي، ئۆزى ۋە خىزمەتكارلارغىمۇ نېسىۋە ئايرىغايكى، ئەگەر ئۇلار

سورۇندا بولمىسا نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويغاي.
يىگىرمە يەتتىنچى ئەدەپ، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن سەۋەنلىك ئۆتۈلسە ئەپۇ قىلغاي ۋە ئۇلارنى ئۆزرە ئېيتقۇزمىغاي ۋە ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالمىغاي.
يىگىرمە سەككىزىنچى ئەدەپ، ئەگەر بۇرادەرلىرى گۇناھلىق ئىش قىلغان بولسا خىلۇەتتە نەسىھەت قىلىپ، توۋا قىلىشقا ئۈندىگەي. ئەگەر توۋا قىلمىسا ئارىلاشمىغاي. ئەگەر شۇنىڭدىمۇ بۇرادىرىنىڭ توۋا قىلغىنى مەلۇم بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولۇشتىن قاتتىق ھەزەر قىلغاي.
يىگىرمە توققۇزىنچى ئەدەپ، ئەگەر بىراۋ قېرىنداشىدىن ھىيلە ـ مىكىر ياكى بىرەر قەبىھ قىلمىش ئۆتۈلگىنىنى مەلۇم قىلسا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاي.
ئوتتۇزىنچى ئەدەپ، ئەزىزلەرنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى جان ـ دىلى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلغاي.

## تۆتىنچى پەسىل: بەزى ھەرىكەت ۋە ھالەتلەر زىكرىدە

سۆھبەت ئەھلى بۇ خىل ئەھۋاللاردىن ساقلانماقلىرى

لازىمدۇر.

بۇلار ئون تۆت ئەدەپتۇر:

بىرىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتە پەرىشان بولۇپ، خاتىرجەمسىزلىنىدىغان كىشى بىلەن سۆھبەت قىلماسلىق.

ئىككىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتە ئەسنىمىگەي ھەم ئەسنەك تۇتسا ئۇنى بېسىشقا تىرىشقايكى، ئۇستۇنكى چىشى بىلەن ئاستىنقى لېۋىنى مەھكەم چىشلىۋالغاي. ئەگەر بۇ ھالدا بېسىلمىسا قولى ياكى يېڭى بىلەن ئاغزىنى توسقاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتە ئۇخلىمىغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، مەجلىستە ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى ساناپ ئالاھىدە بولۇۋالمىغاي، ھەتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنىڭ نەسەب ـ شەرەپلىرىنى مەجلىس ئەھلىدىن مەخپىي تۇتقاي، ئەگەر سۆھبەتكە مۇناسىپ بىلىشى بولسا قوشۇلغايكى، بىلمىسە بىلەرمەنلىك قىلمىغاي، خوجا ئەھراردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىز شۇنداق ئەزىزلەرنى كۆرگەنمىزكى، شۇنچە بىلىم ئىقتىدارلىرى بار تۇرۇقلۇق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى ئادەتتىكىچە تۇتاتتى.

بەشىنچى ئەدەپ، بىر كىشى سۆزلەپ تۇرغان چاغدا، ئۇ

كىشىنىڭ سۆزى تامام بولمىغىچە سۆز قىلمىغاي.
ئالتىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتە سۈكۈت چېكىدىن ئېشىپ كەتمىگەيكى، ھەتتا پۈتۈن كۈن سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش ھەمسۆھبەتلىرىنى خارلىغانلىقتۇر.
يەتتىنچى ئەدەپ، كۆپ سۆزلىمىگەي.
سەككىزىنچى ئەدەپ، سۆزلەشتە تەكەللۇپ قىلمىغايكى، سۆزنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتى ئۈچۈن، لېكىن سۆزلىگەندە قول بىلەن ئىشارەت قىلماق ياكى ئوڭ (قول) ئالىقىنى بىلەن چەپ قولى كۆرسەتكۈچ ئارىسىغا ئۇرماقلىق ـ شەرئىەتكە ئۇيغۇندۇر.
توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۆز ئەھۋالى ۋە ئورنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھالەتتە ئارتۇق سۆزلىمىگەي.
ئونىنچى ئەدەپ، ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىغاي، مەگەر ئۇلاردىن گۇناھلىق ئىشلار ئۆتتۈلسە، مۇنازىرە قىلسا بولۇر، بىلمەك كېرەككى، ھېچكىم بۇرادىرىدىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئايرىلسا دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر دۇنيا ئىشى سەۋەبىدىن ئىككى ئوتتۇرىغا ئاداۋەت چۈشسە، ئاتا پەرزەنتىدىن، ئۇستاز شاگىرتىدىن، ئەر ـ خوتۇنىدىن ھەم مۇشۇنىڭ مىسالىدا ھېكمەت مۇلاھىزە قىلىپ، ئۈچ كۈندىن زىيادە ئايرىلسا بۇنىڭ ئۆلچىمى يوقتۇر. يەنە ئوقۇغۇچىغا لازىمدۇركى،

ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەندىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دۇرۇس بولمىغان ئىشلارغا ئاچچىقلىنىشتىن ساقلانغاي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، دوست ـ يارانلىرىگە ئاشۇرۇپ خۇشامەت قىلمىغاي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، ھەمسۆھبەتلەرگە ئارتۇق مازاق ۋە ياپتا گەپ قىلمىغاي ۋە نورمال ئىش تۇتقاي. بەزىدە راست سۆزلەر بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى كۇلدۇرسە، ئۇنىڭ ھېچبىر يامىنى يوق. باللارغا تىلىنى چىقىرىپ ئويۇن قىلىپ ئۇلارنى خۇش قىلسا بولىدۇ.

ئون ئۇچىنچى ئەدەپ، ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىغاي ھەم غەيۋەتكە قۇلاق سالمىغاي. بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان نەرسىلەردىن سۆزلىمەك ـــ غەيۋەت دېيىلىدۇ.

مۇنداق ئالتە خىل ئىشتا غەيۋەت جائىز (يوللۇق) دۇر:

ئاۋۋىلى، ئېزىلگۈچى زۇلۇم قىلغۇچى ئۇستىدىن پادىشاھقا؛

ئىككىنچىسى، ئۆز ئىشىدىن تېنىۋالىدىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ئەيىبلەشكە كۈچى يېتىدىغان ئادەم (ياكى ئورۇنغا)؛

ئۇچىنچىسى، ئۆزگە زۇلۇم قىلغان كىشى ئۇستىدىن

قازىغا (سورىغۇچىغا)؛

تۆتىنچىسى، كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرماق ئۈچۈن يامان كىشىلەرنىڭ يامانلىقى ئۈستىدىن غەيۋەت قىلسا؛

بەشىنچىسى، پاسىق ئادەم ئاشكارا پىتنە ـ پاسات تېرىسا ۋە ئۆز قىلىقىدىن ئار ـ نومۇس قىلمىسا؛

ئالتىنچىسى، بىر كىشىنىڭ لەقىمى قوپالراق بولۇپ، ئالغاي، قىزىلكۆز، سىڭا كۆز، قارىغۇ، گاس، چولاق ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش لەقەملەر بىلەن ئاتالغان بولسا، ئۇنى ئىزدىمەك ئۈچۈن بۇنداق لەقىمى بىلەن ئاتاش توغرىدۇر. ئەمما ئەيىپ ـ نۇقسانىنى ئىش ئۈچۈن قەستەن ئاتاش خاتادۇر.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، مەجلىستە ئىككى كىشى بىر ـ بىرىگە پىنھان سۆز قىلىشمىغاي ھەم مەجلىس ئەھلى تولۇق بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشمىگەي، بۇمۇ خاتادۇر ۋە يەنە مەجلىستە كۆز ۋە قاش بىلەن ئىشارە قىلىشمىغايلاركى، بۇمۇ خاتادۇر. مەگەر زىيارەت قىلىپ بەرگۈچى ئۆز خىزمەتچىسىگە ياكى خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا تائام قويۇش تەرتىپى توغرىسىدا پىچىرلاپ سۆزلىسە بولىدۇ. ئىككى كىشى بىر يەردە سىر ئېيتىشسا، ئەدەپ شۇكى، ئۇلارغا ئارىلاشمىغاي ھەم سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغاي.

www.uyghurkitap.com

## ئەر ـ خوتۇن ۋە هاممام (مۇنچا) ئەدەپلىرى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

**ئاۋۋالقى پەسىل: ئەر ـ خوتۇن ئۇچۇن لازىم بولىدىغان ئەدەپلەر بايانىدا**

بۇنىڭدا ئون ئەدەپ باردۇر:

بىرىنچى ئەدەپ، هەركىم خوتۇن ئالماقچى بولسا سالىھ (ياخشى) خوتۇن ئالغاي. ئىمامى شافى ئېيتىپتۇركى: «(خوتۇن ئالغۇچى) نىكاھىدىن ئىلگىرى خوتۇنىنى بىر قېتىم كۆرمەكلىك لازىمدۇر.» خوتۇن قىز بولغاي ھەم تۆت جەھەتتە خوتۇن ئەردىن تۆۋەن بولغاي: ياشتا، تەن قۇرۇلۇشىدا، بايلىقتا ۋە نەسەبتە.

يەنە تۆت جەھەتتە ئەردىن يۇقىرى بولغاي: ھۆسن ـ جامالدا، خۇلق ـ مىجەز، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ۋە هايا ـ ئىپپەتتە.

ئىككىنچى ئەدەپ، (مۇنداق) ئالتە تۈرلۈك خوتۇنىنى ئالمىغاي: بىرىنچى، تۇغماس؛ ئىككىنچى، كېيىنكى ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ چاچقۇچى ۋە بۇرۇنقى ئېرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىشلىتىپ بەرگۈچى ھەم ئۆز

خاھىشىچە ئىشلەتكۈچى؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ بايلىقى، مەرتىۋىسى، نەسەبى بىلەن ئىرگە مىننەت قىلغۇچى؛ تۆتىنچى، ئىلگىرىكى ئېرىدىن كۆرگەن راھەت - پاراغەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەسرەتلەنگۈچى؛ بەشىنچى، كىشىلەر ئايالىنىڭ ناپاكلىقى ۋە يامان ئىشلىرى سەۋەبلىك ئايال ۋە ئەرنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئايال؛ ئالتىنچى، كۆرۈنۈشتە تازا ۋە خۇش سۈرەت، ئەمما ئەسلىدە ناپاك خوتۇن، مۇنداق خوتۇن كۆپىنچە بەتخۇي، بەتپېئىل بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەر خوتۇنغا ياخشى ھاياتىي ئىمكانىيەت بەرگەي ۋە يۈزىنى ئوچۇق تۇتقاي، بىھۇدە غەزەپ قىلمىغاي. خوتۇن ئەرنىڭ ئالدىدا گويا ئەسىر ھۆكمىدەدۇر. ئەسىرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش بولسا مەردلىك ۋە ئالىيجانابلىققا مۇناسىپتۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، خوتۇنىنىڭ جاپاسىغا سەۋر قىلغاي، گەرچە خوتۇن مىجەزى ئىتتىكلىك ۋە قوپال سۆزلۈك قىلسىمۇ، ئەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلىق، ئىناقلىق، دانالىق ۋە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە سەرپ ئېتىپ بەرگەيكى، ئەگەر مىلىغا شۈبھە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارىلىشىپ قالغان بولسا، شۇبھىلىك مالنى يېمەك ـ ئىچمەككە قوشماي، كىيىم ـ كېچەككە سەرپ قىلغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، خوتۇننىڭ مۇلايىملىقى ۋە چىرايلىق ھۆسن ـ خۇلقىغا قاراپ، ھاۋايى ـ نەپسكە كۆپ ئەگەشمىگەي ۋە ئۇنى لايىقىدا باشقۇرغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، ئەھلى ئايالىغا نىسبەتەن غەيۇر بولغاي (كۆنلەشنى ئۆزىدىن يىراق تۇتمىغاي.) غەيۇر بولۇشنىڭ شەرتى شۇكى، نامەھرەم (يات ئايال) لارنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىشىگە يول قويمىغاي ۋە ئايالىنىڭ گۆرىستانىغا، مەسچىتكە، مەجلىسكە، تويغا ۋە ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرىغا بېرىشىغا چەك قويغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، خوتۇن تەكەببۇرلۇق قىلسا ياكى ئەرنى تاقىتى يوق ئىشقا تەكلىپ قىلسا، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگەيكى، ئاۋۋال نەسىھەت قىلغاي، نەسىھەتنىڭ پايدىسى بولمىسا بىر مەزگىل قاپىقىنى تۈرگەي. بۇنىڭ بىلەنمۇ تۈزەلمىسە، ئاندىن ئەدىپىنى بەرگەي. قاچانكى تۈزىلىپ كەتسە، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، يەنە ئەسلىدىكىدەك شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىللىك بىلەن ئۆتكەي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، خوتۇنغا زۆرۈر بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئۆگەتكەي.

ئونىنچى ئەدەپ، خوتۇنىنىڭ ھەرخىل ھەقلىرىنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاقتىدا تەمىن ئېتىپ تۇرغاي.

## ئىككىنچى پەسىل: خوتۇننىڭ ئەر ئالدىدىكى ئەدەپلىرىنىڭ بايانىدا

بۇ ئالتە ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ: ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ يەرگە بارمىغاي، ھەم ھېچكىمنى ئۆيىگە كىرگۈزمىگەي، ئېرىنىڭ مېلىنى ئەرنىڭ خەۋىرى - رۇخسىتىسىز سەرپ قىلمىغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئائىلىدىكى خىزمەتلەرنىڭ كۆپى ئاياللارغا قاراشلىقتۇر. شۇڭا ئاياللار بۇنىڭغا (ھەرقاچان) دىققەت قىلغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئېرىنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، خاپىلىقىغىمۇ ئورتاقلاشقاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئېرىنىڭ تاپقىنىغا قانائەت قىلغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، ئېرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئېرى ئۆلسە ماتەم تۇتقاي، ئەگەر ئايال قىيامەتتىمۇ ئېرى بىلەن بىللە بولاي دېسە، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگمىگەي.

**ئۈچىنچى پەسىل: ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماقنىڭ ئەدەپلىرى**

بۇ بەش ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، جىمائدىن ئىلگىرى بىر ـ بىرىگە لەززەتلىك، شەھۋەت قوزغاتقۇچى سۆزلەرنى ئېيتىشقاي، ئاندىن كېيىن بىر ـ بىرلىرىنى سۆيۈشۈپ ۋە قۇچاقلىشىپ ئوينىشىپ جىمائقا كىرىشكەيلەر ھەمدە مۇنداق قىلماستىن جىمائقا كىرىشمىگەي. چۈنكى سۈننەت يولىغا مۇخالىپتۇر. خاھ ئادەم، خاھ جانلىق بولسۇن ۋە ئايىنىڭ بېشى، ئاخىرى يا ئوتتۇرىسى بولسۇن قوشۇلىدىغان جاي ھەرخىل جانلىقلاردىن خالىي بولغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، جىمائ ھالىتىدە بىر ـ بىرىگە كۆپ سۆز قىلمىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، جىمائنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىن كېيىن ئەر ئايالنىڭ ئۈستىدە مېھرى بىلەن بىردەم تۇرغاي. جىمائنى تۈگەتكەندىن كېيىن تەرەت قىلغاي، ئاندىن مەخسۇس ئەزاسىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ بىردەم ئۇخلىغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، جىمائدىن كېيىن بىتاھارەت ئولتۇرمىغاي ۋە ئۇخلىمىغاي. بۇنداق قىلىش دۇرۇس

ئەمەس.

بەشىنچى ئەدەپ، ئايال ھەيز ھالىتىدە چاغدا قوشۇلمىغاي.

## تۆتىنچى پەسىل: ھاممام (مۇنچا)غا كىرمەك ئەدەپى بايانىدا

بۇنىڭدا يەتتە ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ھاممامچى (مۇنچا خىزمەتچىسى) قانداقلا پوتا ۋە داس كەلتۈرسە قوبۇل قىلغاي ھەم قايسى خادىم خىزمەتكە كەلسە ياندۇرمىغاي. ھاممامغا كىرگەندە ئاۋۋال چەپ پۇتىنى ئىچكىرى قويغاي، ئەمما چىقاردا ئوڭ پۇتىنى تاشقىرىغا ئالغاي. شۇڭا ھاممام تەرەتخانا (ھاجەتخانا) ھۆكمىدەدۇر.

ئىككىنچى ئەدەپ، ھاممام خاھ خالىي بولسۇن، يا خالىي بولمىسۇن، سۇ قۇيماق ۋە جىنسىي ئەزانىڭ موينى ئالماق ياكى باشقا ھاللاردا ئەۋرەتنى ھەرگىز ئاچمىغاي ھەم باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىغاي، ياش باللارغا (خادىملارغا) ئۆزىنى كۆرسەتمىگەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سۇنى ئىسراپ قىلمىغاي ۋە سۇنى بىشىدىن ئېھتىيات بىلەن قۇيغايكى، باشقىلارغا چاچراشتىن ساقلانغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، يالىڭاچ ھالىتىدە باشقىلارنى ئىزا تارتقۇزۇپ، يېنىغا بارمىغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، سۇنى ئازمۇ ئەمەس، جىقمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال قۇيغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ھاممامدىن چىقىدىغان چاغدا ھەرقانداق پوتا ۋە قاچىلارنى كەلتۈرسە قوبۇل قىلغاي، ئۆزىنى پاك ۋە ئۆزگىلەرنى ناپاك تەسەۋۋۇر قىلىپ، باشقىلار ئىشلەتكەن پوتىلارنى قايتۇرمىغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، ھاممامچى، خىزمەتكار، پوتىدار، ساتىراش ۋە سۇ كەلتۈرگۈچى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلغاي.

## كىسەل يوقلاش، مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپلىرى

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

**ئاۋۋالقى پەسىل: كىسەلنىڭ ھالىنى سورىماق ئەدەپلىرى بايانىدا**

بۇنىڭدا تۆت ئەدەپ بار:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، بۇرادەرلەردىن بىرەرسىنىڭ ھەرقانداق كېسىلىنى خاھ كۆز ئاغرىقى، خاھ چىش ئاغرىقى، خاھ

چىقان ياكى باشقا كېسەل بولسۇن بېرىپ ھالىنى سورىغاي ۋە ھال سورىماقنى مەلۇم بىر كېسەلگە خاس قارىمىغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، كېسەلنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئوچۇق چىراي بولۇپ، كۆڭۈل سوراش، يېقىنلىق ۋە مېھرىبانلىق ھالىتىدە كۆرۈشكەي، بەك يېڭى كىيىم بىلەن ياكى بەك كونا، كىر ـ مەينەت كىيىم بىلەن كىرمىگەي. كۆلۈمسىرەپ كىرىپ، كېسەلگە يېقىن ئولتۇرغاي. كېسەلنىڭ چىرايىغا قادىلىپ قارىمىغاي ۋە كۆپ ھەم قاتتىق سۆزلىمىگەي. قولىنى كېسەلنىڭ پېشانىسىگە يا قولىغا ياكى يۈزىگە قويۇپ ئەھۋالىنى سورىغاي، ھەر كۈنى كېلىۋەرمىگەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، كېسەلدىن سورىغاي: «كۆڭلىڭىز نېمىنى تارتىدۇ؟» دەپ، ئەگەر بىمار كۆڭلى تارتىدىغان نەرسىنى ئىزھار قىلسا، (زىيان قىلمايدىغان بولسىلا) ئۆزى ياكى كېسەلنىڭ ئىگىسى تېپىپ بەرگەي. ئەگەر كېسەلنىڭ راۋاسىنى بىلسە بۇيرۇغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، بىمارنىڭ يېنىدا كۆپ ئولتۇرمىغاي ۋە يېنىك تۇرغاي. مەگەر كېسەل ئۆزى ئولتۇرۇشقا ئۈندىسە، ئۇنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن توختاپ بىرئاز ئولتۇرغاي، ئولتۇرغاندا كېسەل خۇش بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ

ئولتۇرغاي.

**ئىككىنچى پەسىل: كېسەل كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەپلىرى بايانىدا**

بۇنىڭدا بەش ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، بىمار گاھى ـ گاھىدا غەم ۋەجىدىن نالە قىلىدۇ، ئىڭرايدۇ. مۇنداق چاغدا بېشىنى بىرەر نەرسە بىلەن باغلاپ نالە قىلغايكى، دەرد ـ ئەلەمنى يېنىكلەشكەي.

ئىككىنچىدىن، بىمار ئاغرىق ئەلەمنى تۇتقاندا شۇكرى قىلغاي ۋە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىگەي ۋە ئەگەر ئۆلۈم تىلەشتىن ئۆزگە چارە بولمىسا، بۇ تەرىقىدە تەلەپ قىلغاي (تەرجىمىسى): «ئى تەڭرىم، ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ياشاتقىن، ۋاپات تېپىش ياخشى بولسا ۋاپات تاپتۇرغىن».

ئۈچىنچى ئەدەپ، بىمار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغاي. كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا ئادا قىلغاي. بۇرادەرلەر ۋە ھەمسۆھبەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن رازىلىق تىلىگەي. گۇۋاھلىق بولسا ئاخىرى خەيرلىك بولغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئاخىرەتلىك، كېپەنلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ۋەسىيەت قىلغاي. يەنى «مۇنداق

كېپــەن قىلغايســىلەر، پــالان جايغــا كۆمگــەيســىلەر دەپ ۋەسىيەت قىلسا دۇرۇس ۋە جائىزدۇر.

بەشــىنچى ئــەدەپ، ۋاپــات ۋاقــتىدا تابىئــەلىرى، قېــرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگــە: «مۇســىبەتكە ســەۋر قىلغايسىزلەر» دەپ ۋەسىيەت قىلغاي.

**ئۈچــىنچى پەســىل: مۇســىبەت ئــەھلىنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا**

بۇنىڭدا تۆت ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، مۇسىبەت ئەھلىگە تەزىيە قىلغاي. بۇ تەزىيە خاھ دەپنىدىن ئىلگىرى، خاھ دەپنىدىن كېيىن بولســىمۇ بولىــدۇ. تەزىيــە تــاكى ئــۈچ كۈنگــىچە جــائىزدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇرۇس ئەمەستۇر.

ئىككــىنچى ئــەدەپ، تــاۋۇت بىلــەن بىللــە ماڭغــان كىشىلەرگە سۈكۈت قىلماق لازىمدۇر. بۇ ھالدا زىكىر ۋە پىكىرگە مەشغۇل بولماق لازىم. زىكىرنى ئىچىدە قىلغاي، ئەگەر ئايالنىڭ تاۋۇتى بولسا ھەمراھ بولۇپ ماڭمىغاي.

ئۈچــىنچى ئــەدەپ، مۇســىبەت ئــەھلى يۇقىــرى ئــاۋازدا يىغلىمىغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، مېيىتنى دەپنە قىلىپ قايتقاندىن كېيىــن تارقىلىشــقايكى، يەنــە بىــر يەرگــە يىغىلىــپ

يىغىلىشىپ ئولتۇرمىغاي. ئىمام مەجدىددىن فىرۇز ئابادى «سىراتىلمۇستەقىم ــ توغرا يول» دېگەن كىتابىدا ئېيتىپتۇركى: «دەپنىدىن كېيىن جەم بولۇپ ئولتۇرماق ۋە قۇرئان ئوقۇماق، خەتمە سۈرە قىلماق، خاھ قەبرە بېشىدا، خاھ باشقا جايدا بولسۇن بىدئەتتۇر. ئەمما تائام تەييارلاپ مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتمەك كېرەكتۇر. قەبرىنىڭ ئۈستىگە پىششىق خىش، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قۇببە ۋە ئىمارەت قىلماق، چىراغ ياقماق... بارچىسى بىدئەتتۇر.»

## تۆتىنچى پەسىل: قەبرە زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا ئالتە ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئەرلەر ئۈچۈن گۆرىستاننى كۆپ زىيارەت قىلماق كېرەكتۇر. ئەگەر كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گۆرلىرىنى ھەمىشە زىيارەت قىلىپ تۇرسا، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆرىنى پەرىشتىلەر زىيارەت قىلىپ تۇرغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، گۆرىستانغا بېرىشنىڭ ئەدەپى ۋە ئەتراپىدا دۇئا قىلىش تەرتىپى شۇنداقكى، گۆرنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ، مەرھۇملارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلىگەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، گۆرىستاندا بارچە گۆر ئەھلىنىڭ

مەخپىرىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئاۋامغا پەيزى ـ خۇشلۇق يەتكۈزگەي...

تۆتىنچى ئەدەپ، گۆرىستانلىقتا ئاتلىق كىرمىگەي. گۆرىستانلىق ئىچىدىن ئۆتكەندە كېپىشىنى قولىغا ئېلىۋالغاي، گۆرىستاندا ھېچبىر قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمىغاي، قەبرىنى تەكىيە قىلمىغاي، قەبرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرمىغاي ۋە گۆرىستاندا تاھارەت ئۇشاتمىغاي (ھاجەت قىلمىغاي).

بەشىنچى ئەدەپ، ئاياللار گۆرىستانغا كۆپ بارمىغاي، ئەرلىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ بىرە ـ بىرە بارغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، مەيلى ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش ياكى باشقىلارنىڭ قەبرىسى بولسۇن قەبرە يېنىدا ئولتۇراقلاشمىغاي، بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر.

## زىياپەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى باياندا

بۇ تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

**ئاۋۋالقى پەسىل: مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپلىرى**

بۇنىڭدا ئون ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئاۋام ئۇچۇن زىياپەت قىلغايكى، بايلار

ۋە ئەمەلدارلار ئۈچۈن مەخسۇس زىياپەت قىلمىغاي.
يەنە بىر شەرت شۇلكى، بىر ئۆيدىن ئاتىسىنى چاقىرغان بولسا بالىسىنىمۇ چاقىرغاي، مېھمانغا چاقىرىلغان كىشىنىڭ ئۆيىدە يېقىن قېرىنداشلىرى بولسا ئۇلارنىمۇ قوشۇپ چاقىرغايكى، ئۇنى مەھرۇم قىلمىغاي.
ئىككىنچى ئەدەپ، مېھمانغا ياخشى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئېھتىرام قىلغاي، مېھماننىڭ ئېھتىرام مۇددىتى ئۈچ كۈنگىچىدۇر، تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ كۆپ تەكەللۇپ قىلمىسىمۇ بولۇر.
ئۈچىنچى ئەدەپ، مېھمان ئۈچۈن ئۆينىڭ تاملىرىنى پەردە ۋە گىلەملەر بىلەن ياسىماسلىق كېرەك. لېكىن مېھماننىڭ ئاستىغا كەشتىلىك كۆرپە ـ تۆشەك سالسا بولىدۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، مېھماننىڭ تۆشەكلىرى يىپەك ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن بولماسلىقى كېرەك.
تۆتىنچى ئەدەپ، مېھمانغا تائامنى تېز كەلتۈرگەي ۋە كۆپ ساقلاتمىغاي. نان ۋە باشقا تائاملارنى داستىخانغا داخىل مېھمانلارغا كۇپايە قىلغۇدەك قويغايكى ئىسراپ بىلەن ئىش تۇتمىغاي، ناننى داستىخانغا تاق قويغاي، داستىخاندا ئوشتۇلغان نان بولسا ئۇستىلەپ نان ئوشتۇمىغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، مېھمانغا تائام قويغاندىن كېيىن تائام يېمەككە دەۋەت قىلغاي، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى تائامغا قول ئۇزاتقاي ھەم ئەڭ ئاخىرىدا قول يىغقاي. ئەمما كەلگەن مېھمان يالغۇز ياكى يېقىن دوست ـ يارانلىرىدىن بولسا ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغاي، داستىخانغا ئۇلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزارتمىغاي، تائام يېيىشنى «بىسمىللا» بىلەن باشلىغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، مېھماننى تائامغا تاكى ئۈچ مەرتىۋىگىچە دەۋەت قىلغاي. ھەددىدىن زىيادە زورلىمىغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، مېھمانلار ئارىسىدا خالىس روزا تۇتقان ياكى كەلگەنلا تائامنى يېيەلمەيدىغان پەرھىزكار كىشىلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلغايكى، ئۇلارغا پەرۋاسىز قاراپ ياكى تائامغا زورلاپ ئۇيالدۇرمىغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، لەززەتلىك ۋە ياخشى تائاملارنى مېھمانغا يېگۈزگەي ۋە ئۆزى ئادەتتىكى تائاملارنى يېگەي. ئەگەر تائام ئاز بولسا ياكى مېھماننىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزى ئازراق يەپ، كۆپرەكىنى مېھمانغا يېگۈزگەي. مېھمان تائامدىن فارىغ بولغاندىن كېيىن ئەگەر كەتمەكچى بولسا ئىجازەت بېرىپ، ئىشىككىچە بىللە چىقىپ ئۇزاتقاي تاكى خۇددى مېھمان كەلگەن ۋاقىتتا ئالدىغا چىققاندەك.

توققۇزىنچى ئەدەپ، ئۆيدە نېمە ھازىر بولسا، شۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويغاي.

ئونىنچى ئەدەپ، يالغاندىن تەكەللۇپ قىلمىغاي، ئەمما ياخشى ۋە دۇرۇس نىيەت بىلەن تەكەللۇپ قىلسا بولۇر.

## ئىككىنچى پەسىل: مېھماننىڭ ساھىبخانىغا قىلىدىغان ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇ ئون ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، ئەگەرچە قوينىڭ بىر پارچە گۆشىگە چاقىرسىمۇ بارغاي. خۇسۇسەن ياخشى كىشىلەر ۋە پەقىرلەر چاقىرسىمۇ ئەلۋەتتە بارغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، ئەگەر نىكاھ ئۈچۈن قىلغان تائامغا چاقىرسا روزا تۇتقان بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچى ئەدەپ، زالىم، پاسىق، ئەھلى رىيا (ئىككى يۈزلىمىچى) ۋە بىدئەت ئەھلى تائامغا چاقىرسا بارمىغاي، مۇنداق قىلىش توغرىدۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، چاقىرىلمىغان بولسا، تائام ئۈستىگە بارمىغاي. ئەگەر ئىككى كىشى چاقىرغان بولسا، قايسىسى يېقىن بولسا ئاۋۋال شۇنىڭكىگە بارغاي، ئەگەر چاقىرغان بولسا، قايسىسىنىڭ دوستلۇقى كۈچلۈك بولسا، ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭكىگە بارغاي ۋە يەنە ئەدەپ شۇلكى ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز چاقىرىلمىغان كىشىنى قوشۇپ ئېلىپ بارمىغاي، بۇ توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر ئۆزى قوشۇلۇپ بارسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە: «بۇ كىشى ئۆزى كەلدى، ئەگەر رۇخسەت بولسا كىرسۇن، بولمىسا قايتسۇن» دەپ ئېيتقاي.

بەشىنچى ئەدەپ، مېھمان ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئازراق تائام يەپ بارغايكى، (ئاچ قورساق بېرىپ) مېھمانلار ئارىسىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تائام يېمىگەي. بەتقىلىق هالدۇر.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئۆي ئىگىسى قايسى جايدا ئولتۇرغۇزسا، شۇ يەردە ئولتۇرغاي ۋە (ئالدىغا) نېمە كەلتۈرسە، شۇنى يېگەي، ئۇياق - بۇياقلارغا كۆز يۈگۈرتۈشتىن ساقلانغاي. ئۆي ئىگىسىگە يا تائام ياكى باشقا زۆرۈرىيەتلەر ۋەجىدىن ھېچقانداق ھۆكۈم چۈشۈرمىگەي. ئەمما بىر - بىرى بىلەن ئىلگىرىدىن يېقىن بولسا ھۆكۈم چۈشۈرسىمۇ بولۇر.

يەتتىنچى ئەدەپ، مېھمانلار بىر - بىرلىرىگە لوقما بەرمىگەيلەر. مۇنداق قىلىش مېھمان كۈتكۈچىگە ياكى ئاشپەزگە جائىزدۇر. يەنە مېھمانىنىڭ بۇ ئىككىسىگە لوقما بېرىشىمۇ دۇرۇس ئەمەستۇر.

سەككىزىنچى ئەدەپ، تائام ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز

زەللە كۆتۈرمىگەي. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تائام يېمەك ئۈچۈن قويۇلغاندۇر، ئېلىپ كەتمەك ئۈچۈن ئەمەس. ئەگەر مېھمانلار ئارىسىدا مۇساپىر، موھتاجلار بولسا، تائام ئىگىسى ئۇلارغا زەللە كۆتۈرۈتۈپ قويسا جائىزدۇر.

توققۇزىنچى ئەدەپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن تائام ئىگىسىگە ئاتاپ دۇئايى خەير قىلغاي.

ئونىنچى ئەدەپ، تائامدىن كېيىن «تائام يەپ بولساڭلار، تارقاپ كېتىڭلار» دېگەن ھۆكۈم بويىچە (ئۆي ئىگىسىدىن) ئىجازەت سوراپ قايتقاي، كۆپ سۆزلىشىپ ئولتۇرمىغاي. ئەمما ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سورىماي قايتمىغاي.

## ئۈچىنچى پەسىل: يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى بايانىدا

بۇنىڭدا يىگىرمە سەككىز ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، تائامنى كۆپ يېمىگەي ۋە تاكى قورساق ئاچمىسا يېمىگەي ۋە يەنە تائامنى كۆپ تويۇپ يېمىگەيكى ئازراق ئاچلىق قالغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، شۈبھىلىك تائامدىن ھەزەر قىلغاي. ئەگەر زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن شۈبھىگە مۇپتىلا بولسا ئىمكانىقەدەر ئاز يېگەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن خادىملاردىن ئايرىم هالدا مەخسۇس لەززەتلىك تائاملارنى تەييار قىلمىغاي. بەلكى بار بولغان ئاددىي تائام ـ غىزالارغا تەكەللۇپسىز قانائەت قىلغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، كۆپ ئاۋارىچىلىق بولماي تەكەللۇپسىز تەييارلانغان ئىسسىق ۋە لەززەتلىك تائاملارنى يېگەي. لېكىن گۆشنى دائىم يېمەستىن ئارىلاپ يېگەي. يېمىگەن ۋاقتى قىرىق كۈندىن ئاشمىغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، نەچچە تۈرلۈك يېمەكلىك باركى، ئۇلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ياكى قوشۇپ يېمىگەي، كېسەللىك ئېلىپ كېلىدۇ. بېلىق بىلەن سۈتنى، سۈت بىلەن ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەرنى، سۈت بىلەن تۇخۇمنى، يەنە سۈت بىلەن گۆشنى، ئىككى ئىسسىق نەرسىنى، ئىككى سوغۇقلۇق نەرسىنى، ئىككى ياندۇرغۇچى نەرسىنى، ئىككى سۈرگۈچى نەرسىنى، بىرى ياندۇرغۇچى، بىرى سۈرگۈچى نەرسىنى، تېز هەزىم بولىدىغان غىزا بىلەن ئۇزاقتا هەزىم بولىدىغان غىزانى، ئىسسىقلىق تائامنى هەم يېمىگەي ۋە يەنە پىياز بىلەن سامساقنى خام پېتى يېمىگەي.

ئالتىنچى ئەدەپ، تائامنى ئولتۇرۇپ يېگەي. بۇ بابتا ئۈچ خىل يوسۇندا ئولتۇرماسلىق كېرەكتۇر: بىرىنچى،

ئىككى تىزنى پۇكۇپ (يۈكۈنۈپ) ئولتۇرغاي، لېكىن ئالدىغا بەك ئېگىلىپ، قارنىنى (قورسىقىنى) تىزغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرمىغاي. ئىككىنچى، ئوڭ تىزنى كۆتۈرۈپ، چەپ تىزنى پۇكۇپ ئولتۇرغاي. ئۈچىنچى، ئىككى تىزنى كۆتۈرۈپ قارنىغا يېپىشتۇرۇپ ئولتۇرغاي. يەنە بىرى شۇكى، (تائامغا ئولتۇرغاندا) كېيىش - ئاياغلارنى سېلىۋەتكەي، ئېتەك ۋە يەڭنى تۈرگەي.

يەتتىنچى ئەدەپ، تائامنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ يېگەي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، تائام يەيدىغان قاچا ياغاچ يا ساپالدىن بولغايكى، ئالتۇن يا كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردا تائام يېمىگەي. مىسقا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان قاچىلاردا تائام يېيىشمۇ دۇرۇس ئەمەستۇر.

توققۇزىنچى ئەدەپ، تائامغا مەجلىس ئەھلىنىڭ چوڭلىرى قول ئۇزاتمىغىچە قول ئۇزاتمىغاي. ئەگەر ئۆزى مەجلىس ئەھلىنىڭ چوڭى بولسا، تائامغا تېزرەك قول ئۇزارتقايكى مەجلىس ئەھلىنى مۇنتەزىر قىلمىغاي.

ئونىنچى ئەدەپ، ئاگاھلىق بىلەن يەپ - ئىچكەي، ئېيتىپتۇركى، ھەر لوقما تائامدا «ئەلقەييۇمۇ ــــ بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچى» دېگەي. تا ئىسمى مۇبارەكنىڭ نۇرانىيىتى بىلەن يېقىن بولغاي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېگەي ۋە ئىچكەي. يەنە ئۈچ بارماق، يەنى باش بارماق، ئۇنىڭ يېنىدىكى بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماق بىلەن تائام يېگەي. نامىسىز بارماق قوشۇلسىمۇ بولۇر، لېكىن ئىككى بارماق بىلەن تائام يېمەك مەنئىدۇر.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، تائامنى ئۆز ئالدىغا يېگەي، ئەمما مېۋىلەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن ئېلىپ يېسە بولۇر.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، نان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى ئەتىۋارلىغاي، ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرغاي. ئۆزى يېمەكچى بولسىمۇ قولىدىكى ياغنى نانغا سۈرتمىگەي. ئاغزىدىن ياكى قولىدىن چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ۋە باشقا دانلارنى دەرھال تېرىپ يېيىش كۆپ خاسىيەتلىك ئىشتۇر. ئۇنى تاشلىۋېتىش تەكەببۇرلۇق ۋە يوغانچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، تائام يېگەندە ئاچ قورساق بولسىمۇ تېز ۋە شالاپلىتىپ يېمىگەي، ئۇنداق تائام يېيىشنى ئاچ كۆزلۈك دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈلنىڭ قاتتىقلىقىغا ۋە كورلۇقىغا سەۋەب بولۇر، بەلكى كۆڭۈلنى ئۆلتۈرگەي.

ئون بەشىنچى ئەدەپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن لوقمىنى ئوتتۇراھال ئالغاي. ئاغزىدىكى لوقمىنى ئوبدان چايناپ، ئاستا يۇتقاي. تائام قىزىق بولسا پۈۋلىمىگەي،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوۋۇشىغا سەۋر قىلغاي، ئاغزىنى تائامغا بەك يوغان ئاچمىغاي ۋە تائامنى ئوڭ تەرەپ چىشى بىلەن چاينىغاي، ئەگەر ئوڭ تەرەپتە چىش ئاغرىقى ياكى باشقا ئۆزرىسى بولسا چەپ تەرەپتىكى چىش بىلەن چاينىسىمۇ بولىدۇ تاكى ئاغزىدىكى تائامنى يۇتۇپ بولمىغىچە قولىنى تائامغا ئۇزارتمىغاي. چىشلىگەن (ئاغزىغا ئالغان) تائامنى يەنە قاچىدىكى تائامغا قويمىغاي، تائام يۇقى قولىنى قاچىغا سىلكىمىگەي، پارە گۆشنى ياغلىق لوقما (پولۇغا ئوخشاش) نىڭ ئۇستىگە قويۇپ يېگەي. ئۇستىخاندىن يىلىكىنى چىقىرىشتا، ئۇستىخاننى ناننىڭ ئارقىسىغا ياكى يۈزىگە، يا قاچىنىڭ گىرۋىكىگە ياكى داستىخانغا قاتتىق ئۇرغاي.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، تائام ئۇستىدە باشتىن ـ ئاخىرىغىچە خامۇش بولمىغاي. بۇ مەنئىيدۇر ۋە يەنە تائام ئۇستىدە ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى دېمىگەي، تائامنى يەرگە تاشلىمىغاي.

ئون يەتتىنچى ئەدەپ، ئىمكان بولسىلا تائامنى يالغۇز يېمىگەي، تائامغا قانچە كۆپ قول جەم بولسا، بەرىكەتكە سەۋەبچىدۇر.

ئون سەككىزىنچى ئەدەپ، سۆھبەت ئەھلىگە تاكى سۆھبەت ئاخىرلاشقۇچە ئۇلپەت بولغاي، ئەگەر زۆرۈرىيەت

بولمىسا داستىخان يىغىلمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمىغاي.

ئون توققۇزىنچى ئەدەپ، ئەگەر تائام ئۇستىدە كېسەل كىشىلەر بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ قالسا (جۇملىدىن جۇزام (ماخاۋ)، بەرەس (پېسى)، قوتۇر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن)، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇلاردىن پەرھىز قىلمىغاي. ئەگەر تەۋەككۇل ئەھلى بولمىسا پەرھىز قىلىش ياخشىدۇر. ئۇلارغا ئارىلىشىش ھۆكمىمۇ شۇنداقتۇر.

يىگىرمىنچى ئەدەپ، ياخشىراق تائامنى ھەمتاۋىقى ۋە ھەمراھلىرىغا قويغاي. ئۆزى ئاڭا قول ئۇزارتمىغاي. بۇنىڭ ساۋابى كۆپتۇر.

يىگىرمە بىرىنچى ئەدەپ، ئەگەر گۆش يۇمشاق پىشقان بولسا، ئۇڭا پىچاق ئۇرماي، قول بىلەن پارە قىلغاي.

يىگىرمە ئىككىنچى ئەدەپ، يېمىش يېمەكچى بولغاندا تاق سان بويىچە يېيىشكە رىئايە قىلغاي، جۇملىدىن، ئەگەر خورما ياكى ئەنجۇر ۋە ياكى سامبۇسا بىلەن چۆچۈرە يېمەكچى بولسا بىر، ئۈچ، يەتتە... گە ئوخشاش تاق تەرتىپتە يېگەي. ئەگەر ئىككى كىشى بىر قاچا تائامغا شېرىك بولسا ھەر قايسىسى بىر قوشۇقتىن يا ئۈچ قوشۇقتىن ئىچكەي ۋە ئەگەر تەنھا بولسا قوشۇقنى تاقتا تۈگەتكەي، يەنە قوشۇقنى كۆپ تولدۇرۇپ ئىچمىگەي. بۇ ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئالامىتىدۇر. بەك ئاز ـ ئازمۇ ئىچمىگەيكى

بۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر. بەلكى ئوتتۇراھال ئىچكەي. قوشۇقتىكى شورپا ياكى ئاش داستىخانغا ياكى كىيىملەرگە تېمىپ كەتمىگەي. قوشۇقتىكى ئاشنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى قاچىدىكى ئاشقا ياندۇرمىغاي. قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكەندە چارپاي (ھايۋان) لارغا ئوخشاش ئاغزىنى قاچىغا بەك يېقىن كەلتۈرمىگەي ھەم ئاغزىنى بەك يوغان ئاچمىغاي، قوشۇقنى ئاغزىنىڭ ئىچىگە تىقمىغاي. ئاشنى ئىچكەندە شالاپلىتىشقا ئوخشاش يېقىمسىز ئاۋاز چىقارمىغاي. قوشۇقنى قاچىغا ئۇۋدىسىغا قويغايكى، ئەگەر تائام يۇقۇندىلىرى قالغان بولسا ئۇنىڭغا تېمىپ كەتمىگەي.

يىگىرمە ئۈچىنچى ئەدەپ، تائامدىن كېيىن بارماقلىرىنى پاكىز يالىغاي، ئاندىن يۇيۇۋەتكەي، قولىنى داستىخانغا ئېرتماسلىق كېرەك، بۇ ياماندۇر.

يىگىرمە تۆتىنچى ئەدەپ، ئەگەر پوستلۇق ياكى ئۇرۇقى بار مېۋىلەرنى يېمەكچى بولسا، ئەدەپى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىنى يېيىلمىگەن مېۋىگە قوشمىغاي، بەلكى ئايرىم قويغاي...

يىگىرمە بەشىنچى ئەدەپ، يېڭى مېۋىگە يېتىشكەن ۋاقتىدا دۇئايى بەركەت ئېيتقاي، ئاندىن كېيىن بىر ياش بالىغا بەرگەي.

يىگىرمە ئالتىنچى ئەدەپ، تائامدىن كېيىن پاكىز ياغاچ بىلەن چىشنى كولىغاي، ئەي دەرۋىش بىلگىنكى، تىل بىلەن چىش ئارىسىدىن چىقارغان تائامنى يېمەك هارام ئەمەس، ئەمما كوچىلاپ چىقىرىلغان تائامنى يېمەك هارامدۇر. چىشنى كۆپ كولىمىغايكى — زەرەر يەتكۈزمىگەي.

يىگىرمە يەتتىنچى ئەدەپ، تائامدىن ئىلگىرى هەم تائامدىن كېيىن قولىنى يۇغاي. تائامدىن ئىلگىرى قول يۇيۇش تەرتىپى شۇنداقكى: ئىككى تىزى بىلەن ئولتۇرغاي ۋە ئىككى بىلىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغاي. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنىڭ ئۇچىنى بوغۇمىغىچە چىلاپچا ئىچىگە يۇغاي. يۇغان قولىنى چىلاپچىغا سىلكىمىگەيكى كۆرپە ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە تېمىپ كەتمىگەي ۋە مەجلىس ئەهلى نەپرەتلىنىپ قالمىغاي، قولىنى يۇغاندىن كېيىن پاكىز لاتىغا سۈرتكەي ۋە قولىغا سۇ بەرگۈچىگە دۇئايى خەير ئېيتقاي. كىتابلاردا كەلتۈرۈلۈپتۈركى: سۇ بەرگۈچىگە ئەدەپ شۇكى، تائامدىن ئىلگىرى ئۆلۈك قول تەرەپتىن باشلاپ مەجلىس ئەهلىنىڭ قولىغا سۇ بەرگەي، تائامدىن كېيىن هەم سۇ بەرگەي. سۇ

بىرىش ئاخىرلاشقاندا چىلاپچىنى جامائەتنىڭ يېنىدا قويمىغاي. جامائەتنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندە ئېھتىيات قىلغايكى، كۆرپىگە ياكى بىراۋنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە سۇ چاچرىمىغاي ۋە يەنە ھەربىر ئادەمگە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قۇيغايكى: ئاۋۋال ئازراق، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە شۇنچىلىك قۇيغاي.

يىگىرمە سەككىزىنچى ئەدەپ، تائامدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن مۇنداق مەجلىس ئەھلى ئىچىدىكى چوڭلارنىڭ باشلىشى بىلەن دۇئا قىلغاي.

## تۆتىنچى پەسىل: سۇ ئىچمەكنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا بۇنىڭدا ئون ئەدەپ باردۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، سۇنى ئولتۇرۇپ ئىچكەي، ئەگەر توسالغۇ بولسا ئۆرە تۇرۇپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى ئەدەپ، زەمزەم سۈيى، تەرەتتىن ئاشقان سۇ ۋە باشقىلار تۇتقان سۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، سۇنى ئۈچ نۆۋەت نەپەس ئېلىپ ئىچكەي ۋە ھەر نەپەستە قاچىنى ئېغىزدىن يىراق تۇتقاي. بىرىنچى نەپەستە بىر يۇتۇم، ئىككىنچى نەپەستە

ئۈچ يۈتۈم، ئۈچىنچى نەپەستە بەش يۈتۈم مىقدارى ئىچكەي، ئەمما ھەممىنى بىراقلا سۈمۈرمىگەي. بۇ يامانئۇر.

تۆتىنچى ئەدەپ، سۇغا نەپەس ئۇرمىغاي.

بەشىنچى ئەدەپ، سۇ ئىچىشتىن ئىلگىرى قاچىدىكى سۇغا كۆپ زەن قويغايكى، ئاڭا ئەخلەت ياكى باشقا نەرسىلەر چۈشكەن بولمىغاي. سۇ ئىچكەندە يەنە ئېھتىيات قىلغايكى، كۆپە ياكى كېيىملەرگە سۇ تېمىپ كەتمىگەي ۋە ئەگەر قاراڭغۇ بولسا كوزىنىڭ لېۋىگە بىر پارچە يۇپقا لاتىنى تۇتۇپ، سۈزۈپ ئىچكەي، ھەزرىتى ئىبنى ئاببىاس شىبشىدىن سۇ ئىچمەكنى ياخشى كۆرەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنكى سۇدىكى ئەخلەت ۋە باشقا نەرسىلەر شىبشىدىن ئېنىق كۆرۈنەتتى.

ئالتىنچى ئەدەپ، ئاغزى ياكى قولى ياغلىق بولسا ئۇنىڭ بىلەن كوزا ياكى سۇ قاچىسىنىڭ سىپىنى تۇتۇپ پاسكىنا قىلمىغاي. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولۇپ تۇتۇشقا توغرا كەلسە چىمچىلاق يا نامسىز بارماق بىلەن تۇتسا بولۇر. ئەگەر سۇ قاچىسىنىڭ سىپى بولمىسا، ئاۋۋال قولى ۋە ئاغزىنى پاك قىلىپ، ئاندىن سۇ ئىچكەي.

يەتتىنچى ئەدەپ، سۇ قاچىسىنىڭ ئېغىزىدىن ھەم

پۇچۇلۇپ كەتكەن يېرىدىن سۇ ئىچمەسلىك كېرەككى، ئۇنىڭغا كىر ـ قاسماقلار يىغىلىپ قالغان بولىدۇ. ئېرىق ۋە كۆلچەكلەردىن دۇم يېتىپ سۇ ئىچمىگەيكى بۇ يامان‌دۇر. بۇ هايۋانلارنىڭ قىلىقىدۇر. بۇنداق قىلغاندا سۇدىكى زەھەرلىك نەرسىلەر ئېغىزدىن كىرىپ كېتىش ئېهتىمالى باردۇر.

سەككىزىنچى ئەدەپ، شەربەت ياكى سوغۇق سۇنى هاجەتمەنلەرگە يا كۆڭلى تارتقانلارغا بەرگەي. بۇنىڭ ساۋابى هېسابسىزدۇر. شەرت، ئۆزى سۇ قۇيغۇچى بولسا.

توققۇزىنچى ئەدەپ، سۇ ئىچكەندىن كېيىن، قاچىنى ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە ئۇزارتقاي، ئەگەر چەپ تەرىپىدە ئۇلۇغ كىشى بولسا ئاڭا ئۇزارتقاي.

ئونىنچى ئەدەپ، (سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن) سۇ بەرگۈچىگە دۇئا قىلىپ ئېيتقاي.

## سەپەرنىڭ ئەدەپلىرى بايانى

بۇ ئىككى پەسىلگە بۆلۈنىدۇ:

### ئاۋۋالقى پەسىل: سەپەرنىڭ ئەدەپى بايانىدا

بۇ ئون توققۇز ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، سەپەر قىلغۇچى سەپەر قىلماقچى بولغان شەھەرنى تاللاپ...

قىلماق، زالىملارغا قارشى تۇرماق، ئىلىم تەلەپ قىلماق، مۇقەددەس باغ، مازارلارنى زىيارەت قىلماق، ئۆلىمالار سۆھبىتىگە بارماق ياكى ئىلىم سىرلىرىنى ئاچىدىغان ۋە ئىشلارغا ھۆكۈم قىلالايدىغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلماق، تىجارەت قىلماقتا ئوخشاش ئىشلارنى نىيەت قىلغاي. ئاندىن كېيىن: «ئىشلاردا ئۇلارغا مەسلىھەت سالغىن» دېگەن ھۆكۈم بويىچە بىرەر دانا كىشىگە مەسلىھەت سالغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، مەسلىھەت سالغاندىن كېيىن ئەگەر سەپەر قىلماققا مەسلىھەت بېرىلسە، دۇئادىن كېيىن ئەگەر كۆڭلىدىن ياخشى ئالامەتلەر كەچسە، سەپەرگە كىرىشكەي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇرغاي ھەم ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاي، سەپەرگە مۇۋاپىق كۈنلەردە چىققاي: پەيشەنبە كۈنى خوپراقتۇر، ئەگەر شەنبە يا دۈشەنبە، يا چارشەنبە كۈنى سەپەر قىلسىمۇ مۇۋاپىقتۇر. يەنە كىشىلەرنىڭ ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىۋەتكەي، ئايالى ۋە

قېرىنداشلىرى، دوست ـ يارەنلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۇلاردىن خەيرلىك دۇئا تەلەپ قىلغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، يولدا كېچىسى كۆپرەك يۈرگەيكى، ئۇزۇن مەنزىللەرنى كېچىسى يۈرۈپ تۈگەتمەك ئاسان بولغاي، كېچىسى يۈرگەندە خالىسا، بىرەر سائەت توختاپ ئارام ئالغايكى، ئەمما يول ئۈستىگە ئەمەس، يولدىن چەترەك يەرگە چۈشكەيكى، يول ئۈستىدە كېچىسى زەرەرلىك ھايۋانلار كۆپ بولۇر.

بەشىنچى ئەدەپ، ئەگەر گىرەلەشمە يوللاردا مەقسەت يولى قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسە، ئوڭ قولى تەرەپتىكى يولىغا قاراپ يۈرگەي.

ئالتىنچى ئەدەپ، ھېچ ۋاقىت تەنھا سەپەر قىلمىغاي، خۇسۇسەن كېچىدە ھەمراھلىرى ئۈچتىن ئاز بولمىغاي.

يەتتىنچى ئەدەپ، ئەگەر كۆپ كىشى سەپەرگە چىقسا چۈشكۈندە توپلىشىپ بىر يەرگە چۈشكەيكى، چېچىلمىغاي.

سەككىزىنچى ئەدەپ، بىر توپ ئادەم ھەمراھ بولۇشۇپ سەپەرگە چىققاندا، ئارىسىدا ئالىم، تەقۋادار كىشىلەر بولسا ئۇنى ئۆزلىرىگە ئەمىر (باشلىق) قىلغاي. ئەگەر ئۇنداق

كىشى بولمىسا، ھەممەتلىكرەكلىرىدىن بولسىمۇ بولۇر. باشلىق بولغان كىشىگە ئەدەپ شۇكى، ھەمراھلىرىغا مېھىر - شەپقەتلىك بولۇپ خىزمەت قىلغاي. ھەمراھلىرىنىڭ ھاجەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتمىغاي. ئۆزىنى ھۆكۈمران چاغلاپ، باشقىلارنى خالىغانچە ئىشقا بۇيرۇمىغاي.

توققۇزىنچى ئەدەپ، يولدا ئاجىزلار ئۇچراپ قالسا، ئىمكانىيىتى بار كىشىلەر ئۇلارنى يولدا قويۇپ كەتمىگەي، ئۇلارغا ياردەم ۋە مەدەت قىلىپ كارۋانغا يەتكۈزگەي ۋە ئەگەر ئۇلار بەك ئاجىز بولسىمۇ كارۋانغا يەتكۈزمىگىچە تاشلاپ كەتمىگەي.

ئونىنچى ئەدەپ، كىراكەشنىڭ ئۇلىغىغا قاراردىن ئارتۇق يۈك ئارتمىغاي، شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا مۇۋاپىق رازى بولغۇدەك ئارتقاي ۋە كىراكەشلەرنىڭ قاتتىق ۋە قوپال قىلىقلىرىغا سەۋر قىلغاي. قىسقىسى شەپقەتلىك بولۇشنى ھەرقاچان قولدىن بەرمىگەي.

ئون بىرىنچى ئەدەپ، ئۇلاغلارغا يۈكنى بەك كۆپ ئارتمىغاي ۋە ئۇلارنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا قويمىغاي. مەنزىلگە چۈشكەندە ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى

چۈشۈرمىگىچە ئۆزگە ئىشقا كىرىشمىگەي.

ئون ئىككىنچى ئەدەپ، سەپەردە زۆرۈر لازىم بولىدىغان ۋە تۆۋەندىكى نەرسىلەردىن زىيادە نەرسە ئالمىغاي، ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى، سەپەردە لازىم بولىدىغان زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ بىرى، كىيىمدۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئەۋرەتنى ياپقىلى بولسىلا بولىدۇر؛ يەنە بىرى، يىپ (تاناپ - ئارغامچا) ۋە كوزا ــــ ئۇنىڭ بىلەن قۇدۇقتىن سۇ ئالغاي؛ يەنە بىرى جۇپ كەش ــــ ئۇنى يول يۈرگەندە كىيگەي؛ يەنە بىرى هاسا ياكى نەيزىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرغاي، هاسىدا يەنە باشقىمۇ پايدىلار باردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ساقال تارغىقى، مىسۋاك (چىش چوتكىسى)، قايچا، يىڭنە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىش جائىزدۇر.

ئون ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر سەپەر ئۈستىدە بىر شەھەردە كېسەللىك ياكى پىتنە - پاسات پەيدا بولغىنىنى ئاڭلىسا ئۇ شەھەرگە كىرمىگەي. ئەگەر ئۇل شەھەردە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئاندىن كېسەللىك پەيدا بولسا قاچمىغاي.

ئون تۆتىنچى ئەدەپ، سەپەردە ئىشلىتىدىغان ئۇلاغقا قوشۇمچە يۈك ئارتمىغاي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون بەشىنچى ئەدەپ، سەپەرگە ئىت ئېلىپ چىقمىغاي ۋە يەنە قاپلاننىڭ تېرىسىنى ھەمراھ قىلمىغاي.

ئون ئالتىنچى ئەدەپ، سەپەردىن قايتقاندا بىر بەلەند ۋە ياخشى جايغا چۈشسە ئۈچ مەرتىۋە تەكبىر ئېيتقاي.

ئون يەتتىنچى ئەدەپ، سەپەردىن قايتقاندا ئەھلى ئايال ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز كىرمىگەيكى، بۇ ياماندۇر. بەلكى شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئۇلارغا خەۋەر ئەۋەتكەي ۋە يەنە ئۆيگە چۈش ۋە ئەسىر ۋاقىتلىرىدا كىرگەيكى، كېچىسى كىرمەك ياماندۇر.

ئون سەككىزىنچى ئەدەپ، سەپەردىن ئەھلى ئايال، باللىرى، قېرىنداشلىرى ۋە دوست - يارەنلىرىنىڭ ھەرقايسىسىغا لايىق تۆھپە، سوۋغات ئېلىپ كەلگەي، تۇرالغۇسىغا جايلاشقاندىن كېيىن كۆرۈشكىلى كىرگەنلەرنى تائام بېرىپ ئۇزاتقاي.

ئون توققۇزىنچى ئەدەپ، شەھەردىكى مۇقىم دوست - يارەنلەر سەپەردىن كەلگۈچىنىڭ يېنىغا بالدۇر كىرىش ياخشىدۇر. يەنە مۇساپىر بىلەن مۇلاقات بولغان ۋاقتىدا ئاڭا دۇئايى خەير قىلىپ ئېيتقاي.

## ئىككىنچى پەسىل: مۇساپىرنىڭ[1] مۇجاۋىرغا[2] ۋە مۇجاۋىرنىڭ مۇساپىرغا قىلىدىغان ئەدەپلىرى

بۇلار ئون بىر ئەدەپتۇر. ئۇنىڭ تۆتى مۇساپىر مۇجاۋىرغا قىلىدىغان ئەدەپتۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ، مۇساپىر مۇجاۋىرنىڭ ئالدىغا كىرسە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت سالىمى بىلەن كىرگەي ۋە تۆۋەنرەك جايدا ئولتۇرغاي. ئەگەر مۇجاۋىر ئۇنى ئىززەت - ئىكرام قىلىپ يۇقىرىغا ئۆتكۈزسە تارتىنىپ ئولتۇرمىغاي ۋە قايسى جايغا تەكلىپ قىلسا شۇ جايدا ئولتۇرغاي.

ئىككىنچى ئەدەپ، مۇجاۋىرنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشى بولمىسا ئارتۇقچە نەرسىلەر بىلەن خىيالىنى مەشغۇل قىلمىغاي. مۇجاۋىرنى ھەرخىل ئىشلار ئۈچۈن زورلاپ مەنسەپ ئىگىلىرى ياكى پادىشاھلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، ئەگەر مۇجاۋىر ئۇنىڭغا ئىشنى بۇيرۇسا كۆڭلىدىكى رازىلىق ۋە رىغبەت بىلەن قوبۇل

---

[1] مۇساپىر — سەپەر قىلغۇچى.
[2] مۇجاۋىر — مۇقىم تۇرغۇچى.

قىلغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، مۇجاۋىرغا ئۆزىنىڭ پەزلۇ كامالىنى ئىزهار قىلمىغاي ۋە ئۆزىنىڭ سەپىرىدىن ھېكايە قىلمىغاي.

ئەمدى مۇجاۋىرنىڭ مۇساپىرغا قىلىدىغان ئەدەپلىرى يەتتىدۇر:

ئاۋۋالقى ئەدەپ: مۇساپىر ئۇچرىسا خاھ سوپىلىق ھالىتىدە بولسۇن، خاھ بولمىسۇن ئاڭا لايىق ئىززەت - ئىكرام قىلغاي. شۇنىڭ ئۇچۇنكى كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ياخشى كىشىلەر كۆرۈنۈشتە، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىشى ئادەتتىكىچە بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئاددىي كۆرسىتىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە دوستلۇق يولىنى تۇتىدۇ ۋە ئۆز ئىشلىرىغا بەك پۇختا بولىدۇ.

ئىككىنچى ئەدەپ، مۇجاۋىر پېقىرانە كىيىنگەن مۇساپىرغا يولۇقسا «قايىدىن كەلدىڭىز، قايان بارىسىز ۋە ئىشىڭىز نېمىدۇر؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىمىغاي.

ئۈچىنچى ئەدەپ، پاراسەت بىلەن كۆزەتكەيكى، مۇساپىرنىڭ تەبىئىتى سۆھبەتكە ياكى يالغۇزلۇققا مايىل بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش تۇتقاي. ئەگەر تەبىئىتى سۆھبەتنى تەلەپ قىلسا تەكەللۇپسىز سۆھبەت قىلغاي ۋە ئەگەر تەبىئىتى خىلۋەتنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ

خىلىۋەت جاي ھازىرلىغاي ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، تەرەتخانىنى ھەم تەييارلاپ قويغاي.

تۆتىنچى ئەدەپ، ئەگەر مۇساپىرنىڭ كۆڭلى ھامىمامغا تارتسا، ھامىمامغا ئېلىپ بارغاي، كىيىمى كىر بولسا يۇيدۇرغاي ۋە ئەگەر قۇدرىتى يەتسە يېڭى كىيىم بەرگەي، بۇ ئىشلارغا پەرۋاسىز قارىمىغايكى، نۇقسان بولۇر.

بەشىنچى ئەدەپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇساپىرنىڭ ئەزىزلەر ياكى مازار زىيارەتلىرىگە مەيل ـ ئىختىيارى بار ـ يوقلۇقىنى سورىغايكى، ئەگەر بولسا شەھەرنىڭ ئەزىزلىرىنىڭ ئالدىغا، مازارلارغا ئېلىپ بارغاي، ئەگەر كۆڭلى بولمىسا ئاڭا زورلىمىغاي.

ئالتىنچى ئەدەپ، مۇساپىرنىڭ مۇۋاپىق ھالەتتىكى تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئېيتسا قول باغلاپ بەجا كەلتۈرگەي.

يەتتىنچى ئەدەپ، سۆھبەتتىن پايدىلانماق ئۈچۈن نەچچە كۈن تۇرماقچى بولسا مۇساپىرغا ئىجازەت بەرگەي. سادىق تەلەپكار بولسا ھېچقاچان يالغان ئېيتمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب مەرھەمەت ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن تامامىغا يەتتى، بۇ كىتاب 1314 ـ سىنە تامام بولدى.